ئەبەيدۇللا ئىبراھىم

# كوكلەم



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم

# كۆكلەم

## (شېئىر ۋە داستانلار)

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرمۇھەممەت دولەتى

مىللەتلەر نەشرىياتى

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم

كوكلەم

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرمۇھەممەت دولەتى

مەسئۇل كوررېكتور: رىشت ۋاھىدى

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى

شىنخۇا كىتاپخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ

مىللەتلەر باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى

1981 - يىل 10 - ئايدا 1 - قېتىم نەشر قىلىندى

1981 - يىل 10 - ئايدا بېيجىڭدا 1 - قېتىم بېسىلدى

باھاسى: 0.34 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇندەرىجە

بايرام تەنتەنىسى . . . . . . . . . . . . . . 1
كوممۇنىستىك پارتىيە ھەققىدە پارچىلار . . . . . . . 4
ئۈچ غەزەل . . . . . . . . . . . . . . . . . 6
خوتەن قەغىزى . . . . . . . . . . . . . . . 9
كوكلەم . . . . . . . . . . . . . . . . . . 12
پويىزدا . . . . . . . . . . . . . . . . . . 14
گىلەم . . . . . . . . . . . . . . . . . . 15
پارچە . . . . . . . . . . . . . . . . . . 17
ئومىدا . . . . . . . . . . . . . . . . . . 17
ئەتلەسكە مۇخەممەس . . . . . . . . . . . . 19
سايرام . . . . . . . . . . . . . . . . . . 21
تەلكە . . . . . . . . . . . . . . . . . . 21
ئۇمۇرگە خىتاپ . . . . . . . . . . . . . . 22
رۇبائىيلار . . . . . . . . . . . . . . . . 23
تامچا مايدىن . . . . . . . . . . . . . . . 25
جەڭچى قوشىقى . . . . . . . . . . . . . . 27

بىر دوستۇمغا . . . . . . . . . . . . . . . 28
ئىجات قوشىغى . . . . . . . . . . . . . . . 28
گىلەم ئىشچىسىغا . . . . . . . . . . . . . 31
ۋەتەن ھەققىــدە قوشاق . . . . . . . . . . . 34
دوستۇمغا . . . . . . . . . . . . . . . . 35
تارىمغا مۇھەببــەت . . . . . . . . . . . . . 37
مۇقام ھەققىدە مۇخەممەس . . . . . . . . . . 38
پولات (داستان) . . . . . . . . . . . . . . 41
بىرىنچى باپ "نولدە بەش" . . . . . . . . . . 41
ئىككىنچى باپ پولات . . . . . . . . . . . . 46
ئۈچىنچى باپ ئايدالادا بىر كېچە . . . . . . . . 56
تۆتىنچى باپ پولاتتەك بول! . . . . . . . . . . 64
بەشىنچى باپ شەمشاتىنىڭمۇ يىلتىزى تۇپراقتا . . . . . . 71
ئالتىنچى باپ ئوتكەلگە ھۇجۇم . . . . . . . . . 80
خاتىمە سۇدىكى جۇپ سايىلاز . . . . . . . . . 94
گۇلــزۇپەر (داستان) . . . . . . . . . . . . 96

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

دوستۇمنىڭ خاتىرىسى (داستان) ........... 117
مۇقەددىمە ....................... 117
بىرىنچى بۆلۈم
بىرىنچى باپ 1976 ـ يىلى كۈز كۈنلىرىدە ....... 118
ئىككىنچى باپ سەرسانى ............... 123
ئۈچىنچى باپ ئۇ كىم ئىكەن ............. 133
تۆتىنچى باپ كېيىنكى يىللاردا ............ 146
بەشىنچى باپ ئايرىلىش ............... 152
ئىككىنچى بۆلۈم
ئالتىنچى باپ سۇيىقەست ئالدىدا ........... 166
يەتتىنچى باپ سۇيىقەست ............... 177
سەككىزىنچى باپ سەرسانلىق ............. 191
توققۇزىنچى باپ نىجاتلىق يولىدا ........... 204
خاتىمە ......................... 221

# بايرام تەنتەنىسى

—— جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 57 ـ يىللىقىغا.

بۈگۈن ئەلدە بەلەن توي، كۈي ـ ناۋا ياڭرايدۇ ھەر ياندىن،
ئۇچار كوككە يۈرەكلەر ئالقىشى قەشقەرۇ ـ تۇرپاندىن.

ياساپ سەل ئاقىقىنى دەريا ئەمەس، دەرياسى شاتلىقىنىڭ،
ھاياجان ئوركىشى مىڭ گەز ئىگىز ھەر كاتتا فونتاندىن.

قىزارغان كەڭ زېمىن ھوسنى قىزىل تۇغ جىلۋىسى بىرلە،
تۇتاش گۇل دەستە ئوتقاشتەك كۆلەر جەڭ قوينى مەيداندىن.

خوشاللىقنى قىلۇر ئىزھار مۇقام يۈرتى ئەجەم بىرلە،
بولۇر پەيدا تۈمەن داستان بۇ دەم چەكسىز ھاياجاندىن.

بۈگۈن چۈنكى تويۇڭدۇر ئەي بەخت ئاتىپاۋى پارتىيەم،
شۇڭا شەنىڭگە ياڭرايدۇ قوشاق كۆرمىڭ غەزەلخاندىن.

بۇدۇر قۇتلۇق مۇبارەك كۈن، ئۇلۇغ نامىڭ ھامان تىلدا،
تەشەككۈر ياغدى شەنىڭگە تۈمەن مەردانە ئوغلاندىن.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

رەزىل ئۇتـمۇش قارا كۈنـلەر ئازاۋى چىقـمىغاي ئەسـتىن،
ئۇ چاغ قات ـ قات زۇلۇمدىن ئەل ـ خەلق كەتكەنـتى دەرماندىن.

سېنى بىز باشپانا بىلگەچ، ساڭا ھەر جەڭدە ئەگەشتۇق،
قاراپ جەڭگاھقا ئات سالدۇق ياساپ يانغىننى گۈلخاندىن.

جاپاغا ئەگـمدۇق باشـنى، جاپالار ئەگـدى باش بىزگە،
جانان ھىچ بىزگە باقماسكەن جانانچۇن كەچمىسەك جاندىن.

چىۋەرلىك سەندە جەم بولغاچ سەپەردىن شان ـ ئۇتۇق تاپتۇق،
كىيىپ چىغ كەش ئېشىپ ئۇتتۇق ھىساپسىز تاغ ـ باياۋانـدىن.

ئۇزۇلـدى ئاقىۋەت زەنـجىر، ئازاتـلىق ۋەسـلىنى قۇچتۇق،
شۇ ئان ئەركىن نەپەس ئالدۇق يارالدى تاڭ قىزىل قاندىن.

بېـلى رۇسلانـدى يۇقسۇلـنىڭ يىتۇك قەددى چىنار بولدى،
قۇتۇلدى ئەل بېشى غەمدىن ئەسىرلىك ئاھۇ ـ ئەفغاندىن.

ئېچىلـدى شەپقـىتىڭ بىرلە بەخىت شاخىدا گۈل ـ غۇنچە،
سائادەت ياغـدى قوش ـ قوشلاپ سېنىڭدەك ياخشى غەمخاندىن.

يېتەكـلەپ جەڭـىىرى بىزنى راۋان ماڭدىڭ بولۇپ سەردار،
تونۇلدۇق بىز جاھانغا جەڭ بىلەن قۇچقان شەرەپ ـ شاندىن.

لېكىن گۈلشەن-گۈلىستاندا ئۈنەركەن مۆخ تىكەنلەرمۇ،
ۋە بەزەن ھۆلىدى ھۆقۇش كېلىپ چەتتىن، چىقىپ ياندىن،

شۇ دەم ئەتتىڭ پەرق بەلكى پەرى يەڭلىغ شاياتۇننى،
رەقىپنى ئەيلىدىڭ گۇمران ئېچىپ ئوت قەھرۇ-ۋولقاندىن.

چىقىشتى توت شاياتۇنمۇ كىيىپ ھەتتا قىزىل تونىنى،
قىلىپ ھەر ياڭزا مەككارلىق يوچۇق ئاچماققا قورغاندىن.

ۋەتەن، خەلقىم ئۈچۈن شۇ دەم ئاڭا شىددەتتە ئوت ئاچتىڭ
بالاخور نەس قارا ئاپەت سۈرۈلدى يەرۇ-ئاسماندىن.

بۇگۈن ئەلدە يېڭى دەۋران، يېڭى ئورلەش-سەپەرلەردە
جاسارەت ئۆرغۈدى دىلدا ئوزەڭ بەرگەن ھەر پەرماندىن.

پورەكلەپ ئاچتى گۈل خەلقىم ئۈمىدى سەن بىلەن ئەمدى،
كېلىچەككە نەزەر سالساق گۈزەلدۇر ئەتىمىز ئاندىن.

ئەنە ھەر سەپ، كۈرەش-جەڭدە پەلەككە ئۈچتى تەڭ تۇلپار،
بەھەر ئالغاچ يېڭى دەۋران ياراتقان بارچە ئىمكاندىن.

ئۆتتۇق كەلدى پەقەت سەندىن چېلىشتا بىزگە پارتىيەم،
سۈيۈندۇق بىز تويۇڭدا زەپ ئوزەڭ بەرگەن بۇ دەۋراندىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

گۈزەل كۆي بىرلە كۈيلەيدۇ شۇڭا شەنىڭنى ھەر سىللەت.
سالام! دەپ ئىھتىرام بىرلە گۈزەل پامىر، تىيانشاندىن.

تويۇڭنى ئەتكىلى تەبرىك بۈگۈن تىزدىم ئۈشبۇ كۈيىنى،
ساداقەتتىن ياساپ مىسرا ساڭا بەخشەندە ۋىجداندىن.

## كوممۇنىستىك پارتىيە ھەققىدە پارچىلار

ئۇلۇغ ئەلنىڭ ئۈمىدىدىن ھايات تاپتىڭ،
بورانلىق كوكتە بۈركۈتتەك قانات قاقتىڭ.
كۈرەشتە يەڭگۈچى مەردانە پارتىيەم
شانۇ-شوھرەتكە لايىقتۇر بۈيۈك نامىڭ.

*　　*　　*

قورال بولغاچ ساڭا ماركسچە غالىپ ئاڭ،
توكۈپ قان، جەڭدە مىلتىقتىن ياراتتىڭ تاڭ.
سىنى دەيدۇ بۇ تاڭدا ياشنىغان خەلقىم
ئەبەدتىكە بەختىمىز ئاپتاۋى گۈڭچەنداڭ.

*　　*　　*

كۆرەشلەردە چىنىقتىڭ ئايلىنىپ گاڭغا،
يېڭىپ دۈشمەن، جاپانى چامدىـدىڭ ئالغا.
چېنىقتا جەڭسىزى پارلاق زەپەر قۇچتۇڭ،
قاۋاپ ـ قاخشاپ قوتۇر ئىت قالدى گوداڭدا.

* * *

سىنىڭدىن مىڭ قۇياشلىق نۇر ياغار دائىم،
شۇڭا ئىلـھام بىغىـدا نەۋ باھار دائىم.
ئوزەڭ خەندانە كۆلدۈرگەن قەلبلەردىن،
تېشىپ شەنىڭگە كۈي ـ ئالـقىش ياغار دائىم.

* * *

بۈگۈن بىزدە يېڭى پەرمان، يېڭى دەۋران،
بارار شانـلىق سەپەردە بىر بۈيۈك كارۋان.
ۋەتەن ئۈشبۇ يۈرۈشتىن گۈللىنەر تەھقىق،
ئوزەڭ بار چۇنكى نۇرلۇق يول ئېچىپ ماڭغان.

* * *

مانا سەن نۇر تاراتقان يول ئەجەپ پارلاق،
ھامان ئىلكىڭدە ئەڭگۈشتەر ــ قىزىل بايراق.
مۇقەددەس زور بۈرچ بىزگە، بەخت بىزگە
سىنى قوغـداش يولـدا جان پىدا قىلماق.

1977 ـ يىل ئىيۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئۈچ غەزەل

## قەشقەردە كەچ

ئەمەستۇر لاپ، دېسەم قەشقەر سەيرىنىڭ مۇنبىرى كەچتە،
گۈزەل ھوسنى شەپەق رەڭلىك شەرقنىڭ بىر گۈلى كەچتە.

بادام دوپپا، چىمەن دوپپا، ئاقار يولدا تۇمەن دوپپا،
ياقار ھەركىم لىۋىگە لەۋ سائادەت دىلبىرى كەچتە.

سادا بەرسە راۋاپ تارى قىلۇر بۇلبۇل غەزەلخانلىق،
بەلەن سازەندە قەشقەرلىق يىگىتنىڭ ھەر بىرى كەچتە.

چېلىشتىن شان ياراتقان كۈن ئۈچۈن تىللاردا تەبرىكلەر،
ۋىسال كوكسىدە ئويىنار شوخ مۇھەببەت كەپتىرى كەچتە.

ئىلىم ئىشقىدا كويىگەنلەر ئىجات ئاتلىق جانان ئىستەر،
تولار ھىكمەت نۇرى بىرلە كوڭۇلنىڭ دەپتىرى كەچتە.

ئۇيى يوقمۇ دىمە، رەستە بويىدا بەزمە قۇرغاننى،
بېرەر سۇلتان ھوزۇرىنى ساماۋار كەۋسىرى كەچتە.

ئەگەر شائىرى مەجنۇنسەن، كورۇپ كەت بۇ موجىزاتىنى،
بۇ يەڭلىغ بىر بازار بولماس جاھاننىڭ ھېچ يېرى كەچتە.

## قەشقەر باغچىسى

ئەنە لەيــلى، ئەنە ئەترە، مىــسالى گۇل بازارى بۇ،
گۇزەللىكتە تېڭى يوق باغ، بېھىشنىڭ ئىنتىزارى بۇ.

سىماپتەك كول گويا باغۋەن ئەزىز مېھمانــغا تۇتــقان جام،
ھىدى خۇش بۇي، خىيابانلىق، ھوزۇرى جان ئارامى بۇ.

ئېرىق بويلارى مەجنۇنتال، سۇيى ئەكسىدە جۇپ شولا،
سەير ئەتمەكنى ئىستەر كىم، ئىسىل مەنزىل قارارى بۇ.

شېكەر شەنبە سامادا ئەل، ئاۋات يەكشەنبە ھەر ئان كۇي،
نە كۇيكى، دىلنى مەپتۇن ئەيلىگەن بۇلبۇل ئاۋازى بۇ.

قېنىق كوك چاي خۇمارى دىل، شېرىن سوھبەت كوڭۇل مەيلى،
ساتار بىرلە مۇقام تەشنا يۈرەك ئاشناسى — يارى بۇ.

ئۇشبۇ گۇلشەندە مەشرەپتە بىھاجەتتۇر تەكەللۇپمۇ،
كىمكى كەلسە توردىن جاي ئالۇرلەر، ئوز دىيارى بۇ.

ھەۋەس قىلساڭ ياران، قەشقەر بېغىنى بىر تاۋاپ ئەتكىن،
بەخت جامىدا مەي يۇتقان ئازات ئەلنىڭ باھارى بۇ.

## قەشقەر ئۇستىسىغا

ھۈنەرۋەنگە پىرى ئۇستاز، قولى گۈل ئەي چېۋەر ئۇستا،
ئاياندۇر شوھرىتىڭ ئەھلى جاھانغا شۇ قەدەر ئۇستا.

سېنىڭ بىرلە ئاتالغاندۇر ھۈنەرلەر قىبلىسى قەشقەر،
سىڭىردىڭ ئەل-ۋەتەن نامى يولىدا قانۇ-تەر ئۇستا.

ھۈنەر بابىدا ھەيراندۇر يېتۈك ئەقلىڭگە ئەفلاتۇن،
قارا مىس ئايلىنار زەرگە قولۇڭ تەگسە ئەگەر ئۇستا.

ياسايسەنكى ياغاچتىن گۈل تىزىپ ھەر تۈرلى ساز-ئەسۋاپ،
نە سازكى، كىم ئىشىتكەي بىر ناۋا، "بۇلبۇلمۇ" دەر ئۇستا.

چىمەن دوپپاڭ چىمەنزارى بېرەر جەننەتكە ئەندازنى،
نە ئەنداز، پەردازى جەننەت گۈلىدىن بىنەزەر ئۇستا.

بېغىڭنىڭ لالىسىدەك ئۈز چېچەك نۇسخا نەپىس مونچاق،
نە مونچاق، چېھرىدە قىزنىڭ جۇلاسى نۇر-ھۆكەر ئۇستا.

بىرىپ ھېكمەت سۈيىدە دەم سوقارسەنكى قۇرۇچتىن تىغ،
نە تىغكى، سولتى ئەرگە سىڭنگەدىن يادىكار ئۇستا.

ئوتەر يىللار، لېكىن ئەجرىڭ بۈيۈك سەنئەتكە شاھىتتۇر،
نە شاھىت، شاھىدى تارىخ، يەنە تاپ شان ـ زەپەر ئۇستا.

1979 ـ يىل سېنتەبىر، قەشقەر.

# خوتەن قەغىزى

ـــــ ئارخېئولوگىك مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شىنجاڭ ۋە بەزى جايلاردىن قېزىۋېلىنغان تارىخ ۋە كىلاسسىك ئەدەبىياتقا دائىر مەدەنى مىراسلارنىڭ بىر قىسمى خوتەن قەغىزىگە يېزىلغان ياكى كوچۇرۇلگەن. ئۇزمە پوستىدىن ياسالغان بۇ ئاددى ئەمما سۈپەتلىك قەغەز مىللى مەدەنىيىتىمىزنى تەرەققى ئەتتۈرۈش ۋە تارقىتىش يولىدا ئالاھىدە رول ئوينىغان.

بېشىم قاتتى يازاي دەپ تاش، گىلەمنى ياكى ئەتلەسنى،
ئاڭا باپ سوز، سۈپەت ئىزدەپ تۈگەتتىم يەتتە شام ـ كەچنى،
كى بىلدىم گۇلنى كۆيلەشكە جىمى قۇربۇمـمۇ يەتمەسنى،
ئەيىپ كورمەڭ، ئاساننى تاللىدىم تاشلاپ قىيىن ـ تەسنى،
بەخش ئەتتىم خوتەن قەغىزىگە ئاددى مۇخەممەسنى.

www.uyghurkitap.com

ئېسىمدە، بار ساۋادىمىۇ، بۇنىڭدىن كوپ نادان ۋاقتىم،
قاچانكى بىر قېلىن تارىخىي دەستۇردىن ۋاراق ئاچتىم،
ئەجاتىنىڭ بابىدا ئۇزگە خەلق ـ ئەل نامىنى تاپتىم،
بوۋام نامىنى مەن ئەپسۇس، تاپالماي نەچچە ئۇھ تارتتىم،
يوشۇرمايمەن ئۇ چاغ قەلبىمدىكى خورلۇق، ئەلەم، غەشنى.

ئوتۇپ يىللار يىگىت بولدۇم، مېنى پەن ئىنتىزار قىلدى،
بۇيۇك پەن كۇچ، ئەقلىنى بۇ نادان باشمىغا يار قىلدى،
ئەقىل دەستۇر پۇتۇلگەن بەت سىرىنى ئىختىيار قىلدى،
يېڭىلدىم، شۇندا ئىلھامىم قەلەمنى بەقارار قىلدى،
پەرز بىلمەي ئىچۇن بۇ توھپىكار قەغەزنى كۇيلەشنى.

خەرىتە ئالدىغا كەلدىم، جاھانغا بىر نەزەر سالدىم،
جاھانمۇ كەڭ ئىكەن ياپىر! پايانىغا قاراپ تالدىم،
بىلەركەن شۇندىمۇ تارىم بوييىنى نەچچە ئەل، ئالىم،
سەۋەپ شولكى، پۇتۇلگەنچە خوتەن قەغىزىگە نامىم،
تالاي يۇرت ـ مەملىكەت ئاتلاپ كېزىپ چىققان ئىگىز ـ پەسنى.

بۇ يۇرتتىن بىر زامان سودا، مەرىپەت كارۋانى ئوتكەن،
مەرىپەتتىن ئىلگە يېپ ـ يېڭى ئەنداز ئېلىپ كەتكەن،
سېتىقتىن ئەھلى كارۋان خوش، پۇلى مالدىن ئېشىپ كەتكەن،
ئاشۇ سودا ھىساۋىنى خوتەن قەغىزىگە پۇتكەن،
بۇ قەغەز قانچە كەزگەندۇ ئىران، رىم يا ھاراكەشنى.

شىرىن ئىشقىدا پەرھات يارىنى قانچە سېغىنغاندۇ؟
ئاڭا پاك سۆيگىدىن قانچە سالام خەت ـ نامە يازغاندۇ؟
شۇ ئەرمەن پەرىسى مەشرىق يولىغا قانچە باققاندۇ؟
خوتەن قەغىزىنى قانچە يۈرەك ـ باغرىغا ياققاندۇ؟
ئاسان قىلدى غېرىپكە ئۇ جانان رۇخسارى ئىزلەشنى.

تاۋابى ئىختىيار قىلسا ئەگەر كىم كۆي خۇداسىنى،
ئاشۇ قەغەز جەلپ ئەتتى ئۇنىڭ تۇنجى قاراشىنى،
جاكا قىلدى جاھان ئىچرە بوۋام مەخمۇت مىراسىنى،
كى تەڭ تارتتى دىۋان بىرلە قوتاتماقنىڭ جاپاسىنى،
ئۈگەندۇق بىز شۇڭا تۈركى گۈزەل، ساپ تىلدا سوزلەشنى.

ناۋايى ئۇندا ئىنساننى ۋاپا ـ ھىممەتكە چىللايدۇ،
نازارى كۆلمگەن سۆيگۈ گۈلگە زارۇ يىغلايدۇ،
غەزەلخان نوبىتى سايراپ ئانا يۇرتنى ئۇلۇغلايدۇ،
قەلەندەرخانىدا مەشرەپ گويا شاھانە يايرايدۇ،
ئۈگەن دەپ ساپ مۇھەببەت ئالدىدا جان توھپە ئەيلەشنى.

ئەمەسمىز پەن ـ ئەقىلدا كەم، ئاڭا تارىخ يېزىلغاندۇر،
ئۇلۇغ جۇڭخۇا ئۇچۇن بەت ـ قۇر ئارا قانلار چېچىلغاندۇر،
شېھىت بولدى ھېساپسىز ئەر، لېكىن روھ، نامى قالغاندۇر،
دەللىلەر ئالدىدا پىتنە ـ يالانىڭ بەرى يالغاندۇر،
بۇ تارىخ ئويغىتار بىرلىك ئۈچۈن كۆرمىڭ زەپەر دەسنى.

1979 ـ يىل يانۋار، ئۈرۈمچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# كوكلەم

بىلمەيمەن، ئاپىرىدە بولۇپ دۇنيا
كوكلەمنىڭ قانچە كېلىپ كەتكىنىنى.
بىلمەيمەن، قانچە كوكۇل-يۇرەكلەرنى
ئىللىتىپ شاتلىق بەخش ئەتكىنىنى.

مەن بىراق، كىچىكىمدىن ئاشىق ئىدىم
كوكلەمگە، تۇمەن-تۇرلۇك موجىزىگە.
تېرەكلەر ئۇزۇن-ئۇزۇن تارتسا پوتلا،
كۇلكىلىك كورۇنەتتى كوزلىرىمگە.

يامىشىپ سوگەتلەرگە ئوينار ئىدىم،
چوكاننى سۇندۇراتتىم، نەي ياسايتتىم.
يەرلەردىن تېشىپ چىقسا قۇرۇت، قوڭغۇز،
كولايتتىم توشۇكىنى، تاڭ قالاتتىم.

باشلايتتىم ئىرىق ئېتىپ "سۇچىلىقنى"
ئۇستەڭگە تولۇپ ئاقسا ئەگىز سۇيى.
بەزىدە ئوغۇل تۇرۇپ قۇلغىمغا

قىساتتىم ئىچلىغاندا كاككۇك گۈلى.

. . . . . . . . . . . . .

ھە شۇنداق شوخلار ئىدىم، تاقـلار ئىدىم،
بىلمەيتتىم بىراق بۇنىڭ سەۋەبىنى.
بىر كۈنى باللارچە شۇنداق سوئال
ئۆزىگە ئەسىر قىلىپ ئالدى مېنى.

شوخلىنىپ كەتـكەن پەقەت مەنـلا ئەمەس،
ئەنە ئۇ قوزا نىچۈن تاقلايدىكىن؟
نىمىشقا ئۇستەڭلەردە شاقىرار سۇ؟
قۇشلارچۇ، چاڭگا سېلىپ ھارمايدىكىن؟

(بالىدا باللارچە ئەقىل بار-دە!)
سوئال بوپ قالدى ئۇ چاغ سوئاللىرىم.
ئەمدىچۇ، ئوقۇپ يۈرۈپ يىگىت بولدۇم
جاۋابىنى تاپتى چىگىش خىياللىرىم.

بىلدىمكى، كوكلەم پۈتكۈل تەبىەتنىڭ
قايتىدىن ھاياتلىققا يەتكەن چېغى.
ئاپتاپتىن نىچۈن جانلار سۆيۈنمىگەي؟
قەھرىتان قىشنىڭ سوغى كەتكەن چېغى.....

1966 ـ يىل مارت، خوتەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# پويىزدا

تاك بىلەن سىگنال چېپ قوزغالدى پويىز
شەرققە سوزۇلغان رېلىسنى بويلاپ.
كۈنۈ-تۈن توختىماي چاپماقتا ئالغا
ھېساپسىز يوللارنى ئارقىغا تاشلاپ.

قارايمەن زۇمرەتتەك سۇزۇك ئەينەكتىن
سۈيۈملۈك ۋەتەننىڭ گۈلرەڭ قوينىغا.
ئورماندەك تۇرخۇنلار ئاسماننى سۆيگەن
گۈدۈكلەر كۆي توقار ۋەتەن تويىغا.

قارايمەن كوز ئۈزمەي ئېتىز-قىرلارغا
ئوخشىغان باشاقلار ئوينايدۇ ئۇسۇل.
بىپايان يېزىدا دەۋرىم باھارى
چەشلەنگەن خاماندا تاغدەك مول ھوسۇل.

يول ئېلىپ شىنجاڭدىن بېيجىڭغا قەدەر
كوردۇممەن يۈكسىلىش—ئۆزگەرگەن ھالەت:

نە ئۈچۈن ۋەتىنىم ئۈچماقتا ئالغا
كۈنسېرى تاپماقتا شۇنچە كامالەت؟

شەرەپلىك پارتىيەم ئەي ئۇلۇغ رولچى،
سەن تۈمەن دىلدىكى ئۇلتۇرماس قۇياش.
خەلقىمىز بەختىگە ياشا ئەبەدتكە
ئەي ئۇلۇغ پاسىۋان، ئەي ئۇلۇغ يولباش.

* * *

تاڭ بىلەن سىگنال چېپ قوزغالدى پويىز
شەرققە سوزۇلغان رېلسنى بويلاپ.
قۇياشلىق شەھەرنى تاۋاپ ئەيلىمەك
ئارزۇيۇم يۈرەكتە تاشماقتا قايناپ.

1966 ـ يىل، بېيجىڭ.

# گىلەم

جاھاننىڭ باغلىرى سەندىن ئالۇرلەر ھوسنى ئەندازنى،
ساڭا تەڭداش بولالماس ياقسمۇ رەڭگىگە پەدازنى،
تاماشا ئەيلىشەر جەننەت قۇشى سەندە كورۈپ يازنى،
كورەر ھەمدە تالۇ ـ مەجنۇنلىدىن ھوردىن ئوتە نازنى.

www.uyghurkitap.com

گىلەملىك ئۆيدە ئولتۇرسام ئۆزەمنى باغدا چاغلايمەن،
ئىسسىق گۈللەر پۇراق چاچتى دەبان ھىچ شۈبھە ئالمايمەن.
زىمىستان قىشتىمۇ كوكلەم ھوزۇرىنى قوچاقلايـمەن،
گۈزەللىكلەر تامام ئۇشبۇ گىلەمگە ياغدىمۇ دەيمەن.

ئەسىرلەر سەنئـەتى ئەجداتـىسىرى ھوسنۇڭـگە جەم بولغاچ،
بوۋام ئوز يۇرتىنى نۇسخا قىلىپ ئوز رەڭگىنى قويغاچ،
تالۇ ـ تال يىپلىرىڭ دەشتى قانۇ ـ تەر مىھرىگە تويغاچ،
مىراسخور نەۋرىگە نەۋرە سىنىڭ پەنجەڭنى چىڭ ئۇرغاچ.

يىراق يۇرتـتا سەير قىلساڭ ئوتۇپ گەر تاغۇ، ئوكيانىدىن،
سورار شۇنـدا بىراۋلار: سەن قەيەرلـىك، قايسى بوستاندىن.
تاراتساڭ نامىنى ئەلنىڭ چىقار كوڭلۇممۇ ئارماندىن،
يېـرىلـماسـمۇ يـۇرەك، نامىم، غـۇرۇرۇم ئوسـسە ئاسماندىن.

ئۇمىدىم شۇ ئۇرۇش ئىچـرە پەقەت بىر يىپ بولۇپ ياتسام،
ۋە يا ئارمان قەلەمىمنى ساڭا بىر پەنجىگە ساتسام،
ئىجادىمدا سىنىڭدەك بىر چىچەك غۇنچىنى ياشناتسام،
ئاشۇ گۈلنى ساڭا گۈل چەككۈچىنىڭ كوكسىگە تاقسام.

1973 ـ يىل ئاپرېل.

# پارچە

ياشلىغىم يالقۇن گويا، تۇتۇشار تۇنلەرگە ئۇ،
ياگىرىتار ناخشا ـ قوشاق تاڭدا شات كۈنلەرگە ئۇ.
يەر ـ زىمىن مىڭ گەز قېلىن مۇز بىلەن قاپلانسا گەر،
لاۋۇلداپ يانغىن بولۇپ كورۇنەر كوزلەرگە ئۇ.

1968 ـ يىل ئوكتەبىر.

# ئومىدا

تومۇز پەسلى، تىكلەنگەن قۇياش
ئوما قايناق قىردا ـ ئېتىزدا.
مەنمۇ غۇلاچ تاشلاپ بارىمەن
ئالتۇن باشاق تولغان دېڭىزدا.

كوڭلۇم جەڭنىڭ ئىشقى بىلەن مەس
(كىممۇ بىلسۇن ئۇنچە ئۇستىدىن)
ئوغاق بىسى سىرىلىپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

دىققەتسىزلىك تۈپەيلى، سول قول—
چوڭ بارمىقىم سىجىلىپ كەتتى.

شۇ ئان پەيدا بولدۇڭ دوختۇر قىز
كوكتىن ئۇچۇپ چۈشكەندەك گويا.
تاڭماق ئۈچۈن قىلدىڭ ئىلتىماس،
داكاڭ تەييار، قولۇڭدا دورا.

— "ھېچقىسى يوق" — دېدىم، ئۇيۇلۇپ،
سولدىن قالماق ئېغىر تۇيۇلۇپ.
ئېگىشتىڭيۇ، ھەش-پەش دېگىچە
تېڭىق پۈتتى دورا قويۇلۇپ.

قىردا قويۇپ سومكاڭنى، بەلدىن—
ئوغاق ئېلىپ سولۇمغا چۈشتۈڭ.
— "ئوزەم ئوراي" — دېدىمۇ، كەتتىڭ
ئىشداشلارنىڭ ئالدىغا ئوتتۇڭ.

ساڭا باقتىم سىنچىلاپ ئەمما
كورەلمىدىم چارچاشتىن ئەسەر.
قەلبىڭدە ئوت كويەركەن مىسلى
ماھىر كەنسەن ئىشتا شۇ قەدەر.

"رەھمەت!" — دىدىم مېھرىڭدىن قىزچاق
شىپا بەردىڭ، كۈچ بەردىڭ ماڭا.
ئوغاق ئېلىپ قولۇمغا مەنمۇ
جەڭگە چۈشتۈم، ياندىشىم ساڭا.

*　　　*　　　*

تومۇز پەسلى، تىكلەنگەن قۇياش
ئوما قايناق قىردا ـ ئېتىزدا.
يېڭى ھىسقا چومۇپ بارىمەن
ئالتۇن باشاق تولغان دېڭىزدا.

1974 ـ يىل ئىيۇن، غۇلجا.

# ئەتلەسكە مۇخەممەس

نەۋ باھار خۇش جىلۋىسى ھوسنۇڭ ئارا جەۋلانەدۇر،
ھەر سەھەر كۈلگەن شەپەق سەندىن خىجىل ھەيرانەدۇر،
رەڭمۇ ـ رەڭ دۇردۇن، تاۋار بىر سەن ئۈچۈن مەستانەدۇر.
كوكتە ھەم ھەسەن ـ ھۈسەن ئىشقىڭ بىلەن سەكپارەدۇر،
گۈلسەن يۇرتۇم، ھوسۇن، داڭقىڭ بۇگۈن بىگانەدۇر.

ياپ ـ يېشىل ياپراق بىلەن ئىشچان مومام باقسا غوزەك،
قول سېلىپ غۇنچە كېلىن تال ـ تال قىلىپ تارتسا يىپەك،

ئۇستا ئاتام ساپ تەردىن بەرسە ھوسۇن تاقسا بىرەك،
موككىلار قوينۇڭ ئارا ئويناپ ئۇسۇل چاچسا چىچەك،
تەخلىنىپ تۇرساڭ يېنىپ كوڭلۇم كۇلۇپ خەندانەدۇر.

يەلپۈنۈپ تۇرساڭ ئەزىم قاش دولقۇنى سەندىن ئايان،
يېشىللىك پەسلى باھار باغدىن دېرەك يايرايدۇ جان،
ساپ-سېرىق زەر باپلىرىڭ پەدەز ئۇچۇن ئالتۇنغا كان،
دەرگۇمان بولسا ئەگەر ھوسنۇڭگە بىر باقسۇن جاھان،
قىزىللىك گۇلخان گويا گۇلشەن ئاڭا پەرۋانەدۇر.

بارچە رەڭ پايۇ-پېتەك بولغاندا سەن سۇلتان ئەگەر،
مىڭ قانات تاپمىش سابا مەگزىڭگە لەۋ ياقاندا ھەر،
قىزلىرىم توي-بەزمىدە كەيسە سېنى يايراپ كېتەر،
قانچە ئۇزنى مودىسنى بەس-بەس بىلەن زەرداپ ئېتەر،
بار لاتا خان بولسا گەر چېھرىڭ ئاڭا گۇلتاجىدۇر.

لاپ ئەمەس، سەن ئەتلىسىم يۇرتۇمغا نام، رىسقىم دىسەم،
ساڭا رەڭ بەرگەنلىگە ئالەمچە بار ئىشقىم دىسەم،
ئاشۇ سەنئەت ۋە ئاشۇ مېھنەتتە جان-جىسمىم دىسەم،
قولى گۇل ئەجداتلىرىمغا دىلدىن قوشاق تىزدىم دىسەم،
مەن ئۇچۇن ھەر تال يىپەك پۇتمەس شېير-داستانەدۇر.

1974-يىل ئىيۇن.

# سايرام

كەڭ سامادا پەرۋاز ئەيلىگەن
بۇلۇت ئەكسى ئويناپدۇ سۇدا.
بۇژغۇن پۇركۇپ يۇگەرگەن دولـقۇن
سۇيۇپ تويماس قىرغاقنى گويا.

شەرق رەڭدار كەشتىدەك ئوتلاق
باش قويۇشقان چەكسىز ئۇپۇققا.
غەرپ ياقتا تۇرار گىدىيىپ
كۈمۈش قالپاق ئاستىدا چوققا.

1974 ـ يىل ئاۋغۇست، غۇلجا.

# تەلكە

ئەجەپ ھەيۋەت زور سەن، ئىگىز سەن
تاققا تولغان تاغلار ئارىسى.
باغرىڭ باھار، بېشىڭدا ئاق چاچ
"دەيمۇ سېنى تاغلار ئانىسى".

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كوچمەن بۇلۇت ھالقىپ ئۆتەلمەي
بەلدە كېزەر ھالسىز تۇرقىدا.
نەزەر سالدىم چوققاغا شۇ ئان
كوزۇم كوكتە، دوپپام قولۇمدا.

1974 ـ يىل ئاۋغۇست، غۇلجا.

# ئۆمۈرگە خىتاپ

ئەي ئۆمۈر!
نىمانچە يۈگرەكسەن، گويا ــ
تاغدىكى تۇماندەك تارقاپ كېتىسەن.
گۈناسىز بوۋاقنىڭ چېھرىگە سىخى
قورۇق ھەم ساقاللار باشلاپ كېلىسەن.

مىنۇتىڭ قەدىمى كۈنلەرگە يېتەر
يىللارنىڭ تېغىنى تاشلاپ كېتىسەن
تالاي كوكۈللەر خوشالدۇر سەندىن
ۋە تالاي كوزلەرنى ياشلاپ كېتىسەن.

چولدىكى توگىدەك چامدايسەن ئاستا
ۋە ياكى چېقىندەك چاقناپ ئۇچىسەن.

باھار شېخىدىن گۈللەر توزىتىپ،
زىمىستان قەھرىدەك داغلاپ كېتىسەن.

يول بولسۇن!
خوشامەت كۈتمىگىن مەندىن
يالغۇزۇپ ئاۋارە بولمايمەن بىراق.
ئېلىمدە بولسا گەر ھەتتا مىنۇتىڭ
شۇ مىنۇت توھپىسىز قالماس ئەسلا ئاق.

يول بولسۇن!
قىيىندۇر ساڭا ھەممىدىن
چېھرىمدىن تىترەكىنىڭ ئىزىنى تاپماق.
مەن ئۇچۇن پەرقى يوق ئىككى ئالەمنىڭ
ئەل ئۇچۇن جان بەرسەم ئەل ئاچسا قۇچاق.

1974 ـ يىل سېنتەبىر.

## رۇبائىلار

يىگىرمە بەش باھار ئۆتتى، كېلىپ كەتتى
پەلەك باشقا نى ھالەتلەر سېلىپ كەتتى.

هالا ئالدىم كەچۈرمىشتىن ئەقىل ئانچە
ناھاتكى، بۇ نادانلىقنى ئېلىپ كەتتى.

1976 ـ يىل يانۋار.

تېچ ياتسام دىمەڭلەر: بۇ ئۈزۈپتۇ جان،
بىلىڭلار تېپ ـ تېچ تاغدىن تاشار ۋولقان.
بۇگۈن ئۇچكەن ئېتىم ئەتە بولۇپ يانغىن
شىرىن چۈش، بارچە يالغاننى قىلار گۇمران!

1976 ـ يىل ئاۋغۇست.

ئامانكى بۇ باشىم، مەڭگۈگە بەختىم بار،
قولۇمدا بۇردا زاغرام باركى قەنتىم بار.
ئۈمىتىنىڭ ئۈچقۇنى ئوچمەيدۇ دىللاردا،
شۇڭا دەيمەن ھامان شاھانە تەختىم بار.

1976 ـ يىل ئاۋغۇست.

تاپاۋەت قىلمىدىم ۋىجداننى مال چاغلاپ،
شۇ ۋەجىدىن ھەر بالا كەلسە كىلۇر قوشلاپ.
پۇشايمان يوق، شۇ روھ ئۇمرۇمگە ھەمرادۇر،
تۇرۇپتىمەن يەنە جەڭگاھتا بەل باغلاپ.

1976 ـ يىل ئاۋغۇست.

تاپا ـ تەنە، غەيۋەت دىگەنلەر
ئۇلۇغ ئىستەك ئالدىدا نىمە؟
ياخشى كۈننىڭ كەلسە يامىنى
ئالغا باققىن، ھەرگىز ئۇھ دىمە!

1974 ـ يىل ئوكتەبىر.

## تامچا مايدىن......

ئاخىرقى جەڭ ئوتتى غەلبىلىك
(رىمونتتىن چىققتى ئۇسكۇنە.)
ئىشتىن چۇشۇش پەيتىمۇ كەلگەن
تازىلىققا تۇتۇندى ھەممە.

مەنمۇ ئەمدى داسنى كوتىرىپ
ئىشىك تامان تەمشەلگەن چېغىم،
ـــ "نەگە"ـــ دىدى، ئۇستام توساتتىن،
ـــ "ئەسكى ماينى توكەي دىۋىدىم."

شۇ ئان ئۇنىڭ ياندى كوزىدە
ئىپچىنىشنىڭ ئوتلىرى چاقناپ.

داسنى ئېلىپ ئاستا قولۇمدىن
ئوز يېنىغا قويدى ئاۋايلاپ.

ھەيرانلىغىم ئوستى ھەسسىلەپ،
دىدىم "زاپچاس چايقىغان ماي بۇ.
يېگىسىنى ئىشلەتسەڭمىكىن،
بۇ يەر نىفىت يامرىغان جايغۇ."

دىدى ئۇستام شۇندا مەنىلىك:
ـــ"بەكمۇ مۇھىم ماينى تېجىمەك.
ئىقبال ئۇچۇن ماڭغان سەپەردە
ھەر تامچىسى تامچا قان دىمەك!"

شۇ چاغ كوڭلۇم يورۇدى بىردىن
بىلدىم روشەن ئىشنىڭ تېگىنى.
تامچا مايدىن كوردۇم ئىشچىنىڭ
ۋەتەن ئۇچۇن گۇلخان قەلبىنى.

1975 ـ يىل يانۋار، مايتاغ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

# جەڭچى قوشىقى

نىچۈن قىش دەي يىراق چېگرا — مۇز تاغدا
يېنىۋاتسا قەلبىم يانغىن كوتىرىپ.
باھار ھوسنى ئىچرە تۇرسام قەد كېرىپ
دەستە - دەستە كۈمۈش گۈلگە پۈركىنىپ.

قار - شىۋىرغان ھۇشقىتىشىپ ھەر كۈنى
كۆزەتچىلىك پونكىتىمغا ئۇرۇلار.
قانداق مۈمكىن بولسۇن ئۇنى تەۋرەتمەك
تۈمەن مىڭ گەز مەزمۇت تاغدىن ئۇلى بار.

چوققىلارنىڭ ئۈستىدىكى چوققا مەن،
قارىغايلار تۇرار ماڭا ياندىشىپ.
ھەر تاڭ قۇياش ماڭا تۇنجى يۈز ئاچار،
چاقنار ئالتۇن يۇلتۇزۇمدىن نۇر ئېلىپ.

1975 - يىل ئىيۇل.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# بىر دوستۇمغا

يېتەر ئەمدى، تارتقىن بېشىڭنى
غەپلەت ئۇيقۇسىغا بولما كوپ ئەرمەك.
ئەرزىمدۇ گۈللىگەن قوۋناق چېغىڭنى
نەدىكى مىشچانىغا سوغا قىپ بەرمەك.

كۆڭلىرىڭ ئوتەمدۇ لاي سۇدەك ئاخىر
قەلبىڭگە چىن بەخت گۈلىنى تەرمەي.
بۈگۈنچە ئۈگەن، بىل، ئەتىگە شۇندا
پەرىمۇ چىدالماس كوڭلىنى بەرمەي!

1975 ـ يىل سېنتەبىر.

# ئىجات قوشىغى

باھار پەسلى بۇدۇر، ئىشلە، بۈگۈن ئىلكىڭدە ئىمكانىڭ،
ئىجات ئەتمەككە ئۈندەيدۇ سېنى ھەر سەپتە دەۋرانىڭ،
تۈگۈن، تىلسىمنى يەشمەككە سەرپ ئەت ئەقلۇ ـ دەرمانىڭ،

موجىزە ئاسمىنى ئوزرە قانات قاق، ئەيلە پەرۋازىڭ،
تەپەككۇر جەۋھىرى بىرلە پۈتۈلسۇن پەنگە داستانىڭ.

ئىسمىدە، بىر زامان توت شۇم قۇرۇپ ھەر جايىدا قاپقاننى،
ناكا قىلدى مەرىپەت كانىدىن ئالتۇننى قازغاننى،
قىلىپ مىڭ ياڭزا رەڭۋازلىق سېتىپ ئىغۋانى ـ يالغاننى،
دېدى ”ئاقىلىق“ ۋەتەنچۈن ئىزدىنىپ مەردانە ماڭغاننى،
ئۇ چاغ قەلبىڭدە ئورلەيتتى رەقىبكە قەھرۇ ـ ۋۇلقانىڭ.

ئۇلۇغ يولباشچى پارتىيەم سۈرۈپ مۇدھىش تۈتەكلەرنى،
بىراقلا قىلدى كۇمپەيكۇم ئىچىپ يول، پور كوتەكلەرنى،
بەجا ئەيلەپ زەپەردىن دىلدىكى ئوتلۇق تىلەكلەرنى،
پەۋەس تولدۇردى شاتلىققا شۇ ئان مىليون يۈرەكلەرنى،
ئاشۇ شانلىق يېڭىش بىرلە چىچەكلەپ كۆلدى ئارمانىڭ.

بۈگۈن باق، شۇ زەپەرنىڭ بايرىغى كوكتە لەپىلدەيدۇ،
ئىجاتقا چاقىرىپ زۇڭلى گويا مۇنبەردە سوزلەيدۇ،
كۆنگە مىڭ موجىزە بۇلبۇلى ئاسمانغا ئورلەيدۇ،
خەلق جەڭدە، ۋەتەن جەڭدە، دەۋر چاقى گۈرۈلدەيدۇ،
ئىجات ئىشقى بىلەن يانسۇن قىزىل قەلبىڭدە گۈلخانىڭ.

جاپا ـ مۇشكۇلگە بوى بەرمە، كۈرەش، مېھنەتنى يار ئەتكىن،
يەنە پەرھاتچە خىسلەتنى، چىدام ـ غەيرەتنى يار ئەتكىن،

www.uyghurkitap.com

مەرىپەت باغىغا گۈل تەر، چىچەكلەت يوقنى بار ئەتكىن،
ۋەتەننى بۇ چىچەكلەردىن تۇتاش باغ ـ لەيلىزار ئەتكىن.
ئاشۇ گۈل ھوسنىدەك كۈلسۇن نۇرانە ئەتە ـــ ئىقبالىڭ.

ۋاقىت مىسلى يۈگەنسىز ئات ئاڭا يەتمەككە بەل باغلا،
ياساپ پەندىن قانات، ئۇندىن ئۇچۇپ ئۆتمەككە بەل باغلا،
يىگىرمىنچى ئەسىرمۇ خوشلىشىپ كەتمەكتە، بەل باغلا،
چوكۇپ تىلسىم سۈيىگە ۋە ئۇنى يەشمەككە بەل باغلا.
ئىلىم ـ پەنگە يۈرۈش قىل، تالمىسۇن بۇ يولدا كارۋانىڭ.

ۋەتەندۇر ئەڭ ئەزىز ئانا، جېنىڭ بىرلە ئاڭا كۆيگىن،
ئۇنى گۈللەت ئىجاتىڭ بەلكى بۇ يولدا جاپا چەككىن،
ئانا مېھرى ساڭا سىڭگەن، ئاڭا لايىق جاۋاپ قىلغىن،
تۇمەن دىل ھۆرمىتى شۇندا سۆيەر ئوتلۇق پىشانەڭدىن،
ۋەتەن ـ خەلقىمنى شات ئەيلەپ تارالسۇن شان ـ زەپەر، سازىڭ.

ئۆگەن دوستلار، ئىجات ئەتكىن يولۇڭدا نۇر چىراغىڭ بار،
ئۇلۇغ كومپارتىيەم باركى دىلىڭدا ئەقلۇ ـ كانىڭ بار،
سەپەرلەردە ساڭا باش ئۇ جاپالىق يولدا رولچىڭ بار،
ئىجات روھىڭنى كۆيلەشكە مېنىڭدەك كۈيچى يارىڭ بار،
جىمى ئالەمگە داڭ كەتسۇن، ئىجادىڭ، كۈلكە خەندانىڭ.

1977 ـ يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى.

# گىلەم ئىشچىسىغا

سېخىلارغا كىرىدىم مەن بۈگۈن كوردۇمكى پەسلى گۈلباھار،
سېخىلار جامالى شۇنچە ئۆز مىسلى گۈلىستان ـ لەيلىزار.

پاھ، بۇندا رەت ـ رەت دەستىگاھ ئوخشايدۇ گۈللەر بەرگىگە،
سەر خىل گىلەملەر ھوسىنىدە كۆرمىڭ چىچەكلەر تاۋلىنار.

سايرايدۇ بۇلبۇل خوشناۋا رەيھانۇ ـ سۇمبۇل گۈل ئارا،
جۇشقۇن سەپەردە ـ بەيگىدە ئورلەيدۇ باتۇر ئىشچىلار.

گۈلزارنى بىر ـ بىر ئارىلاپ شاتلىقتا تولدۇم بىھساپ،
مەردانىلەرنىڭ شەنىگە دىلدىن بۇلاقتەك كۆي ئاقار.

بۇندا دىدىل، شوخ بىر بوۋاي قەلبىم تورىدىن ئالدى جاي،
چاقنايتتى چوغدەك كوزىدە پۇتمەس شىجائەت، كۈچ ـ مادار.

شاگىرتى ئېيتتى: ”ئۇستىمىز جەڭلەردە باشچى ئۇلگىمىز
زاۋۇتنا تېخنىك پىشقەدەم، تىللاردا داستان نامى بار.“

كوك قۇچتى ئىلھام كەپتەرىم، ئۇستامنى دىلدىن ماختىدىم،
ئېيتتىم ”بوۋامدىن ئورگىلەي، بولسۇن شەرەپشان سىزگە يار.“

ئېيتتى "ئازات بۇ تاغدا مەن ئىمكانغا يول بار چاغدا مەن
ئەجرىمنى توكسەم بىر ئۇلۇش بولماي نىچۇن مەن بەختىيار؟!

ئېيتتىم تەشەككۇر مىڭ قېتىم، چۇشتى چېچىغا كوزلىرىم
كۇرمىڭ گىلەمچى كەچمىشى پىكرىمگە بەردى ئىختىيار.

* * *

ئۇتمۇش، زۇلۇمخور بايدا پۇل، كورگەنتى خوۋلۇق قايسى قول،
بايلارغا ئىشلەپ تاپمىدىڭ ئىرناقچە ئىززەت-ئېتىۋار.

يۇقىغا قېنىڭدىن رەڭ بېرىپ، چىقساڭ گىلەمنى تەخ قىلىپ،
بايۋەچچە ياتسا ئېغناپ پەگادا قىلدىڭ ئاھۇ-زار.

ئول چاغ گىلەمچى بولغىنىڭ هابدال-تىلەمچى بولغىنىڭ،
نامراتقا زىندان كاچ پەلەك قىيناپ جېنىڭنى قىلدى خار.

باي بۇيرۇغانغا ياق دىسەڭ مۇدھىش زاماندىن دات دىسەڭ،
دار بوپ تېنىڭگە دەستىگاھ ئومرۇڭ گۇلىنى باستى قار.

ئىمجانىلەرگە جان كۇتۇپ هورلۇككە هەر دەم تەلمۇرۇپ،
تارىم بويىدىن تەلپۇنۇپ مەشرىققە باقتىڭ ئىنتىزار.

* * *

بەختىڭنى دەپ كومپارتىيە قىلدى ساڭا تاڭ ھەدىيە
كەتتى زىمىستان، تۇغدى كۈن، يۈتتى نادامەت كەلدى ياز.

خەندانە كۈلدۈك شۇندا شات ياغدى سائادەت قاتمۇ-قات،
كەلدى ناۋاتتەك بۇ زامان ئەمدى ساڭا يات نالە-زار.

جۈيخۇا گۈلدىن ئەندىزە ئالدىڭ گىلەمنىڭ ھوسنىگە
ماھىر ھۈنىرىڭ رەڭگىدىن دۇنيامۇ ھەيران، زوقلىنار.

باققىن بۈگۈن كەڭ تاشلا كوز ئەلنىڭ باھارى شۇنچە ئۈز،
يوللاندى گورگە توت قارا چۈپرەندە بولدى شەرمسار.

كومپارتىيەدۈر رولچىمىز، گۈلدىن گۈزەل بۇ دەۋرىمىز،
چەكسىز ۋەتەنگە ھە بۈگۈن كۈندىن زىيادە نۇر ياغار.

چەككىن گىلەمگە بۇ ئىسىل دەۋراننى چەك، بوستاننى چەك،
دەۋرانغا گۈلخان ئىشقىمىز بولسۇن نامايان بىغۇبار.

پەنجەڭنى راست ئۈر، قۇچ شەرەپ دۈشمەن ئۈجۈقسۇن سوققا يەپ،
ئوغلۇڭ دىلىدا تا ئەبەت شانىڭنى كۈيلەش ئەھدى بار.

ئومرۇم ئىجادى بولسا جەم، بىر تال گۈلۈڭگە تۇرسا تەڭ
دەيمەن مۇرادىم بولدى ھەل، قەلبىمگە تولغاي ئىپتىخار.

1977 - يىل ئوكتەبىر، خوتەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

# ۋەتەن ھەققىدە قوشاق

ئۇلۇغ جوڭخۇا مېھرلىك ئەل ئانام بار مېھرىۋان سەندەك،
جىمى ئالەمنى مىڭ كەزسەم تېپىلماس جانۇ-جان سەندەك.

يېڭى دەۋران تېگى بىرلە جامالىڭ مىسلى جەننەتتەك،
جاھان باغدا كۆلمەستۇر يەنە بىر گۈلىستان سەندەك.

چىمەنىڭ ئىچرە خەلقىم ئوز مۇرادى بىرلە ئۇلپەتتۇر،
قىلىپ پەرۋىشنى مېھنەتتىن ياراتتى ھور ماكان سەندەك.

نېمەتكە كەڭرى قوينۇڭ باي، ئاقار مايدىن تۇمەن دەريا،
غەزىنەم بار تېغىڭ ئالتۇن، تېگى گەۋھەرى كان سەندەك.

ۋە مەيلى تاغ-دېڭىز ئاتلاپ باراي مەشرىققە، مەغرىپكە،
غۇرۇرلۇق بۇ بېشىم ئۇستۇن ماڭا بار نام-نىشان سەندەك.

ئەگەر كوڭلۇم تىلەركى گۈل مىسالىغ ۋەسلى دىلدارنى
كوڭۇل مۇلكۇمدە جاي تاپماس سېنىڭسىز بىر جانان سەندەك.

جىنىمنىڭ ئالدىدا بىر ئال جىنىم سۆيگەن گىيا ياخشى،
ماڭا يوق بۇ جاھاندا ھىچ ساڭا تەڭ پاسىۋان سەندەك.

پىدا بولسام ساڭا قەۋرىم قىزىلسا تۇپرىغىڭ ئۇزرە
ئامان بولسا بىشىڭ مەنمۇ ئۇمۇرلۇك شادىمان سەندەك.

1978 - يىل ماي.

# دوستۇمغا

ئۇگەنگىن، كوككە ئۇچ دوستۇم ئىلىمدىن ئەل ئاۋات بولسۇن،
ساڭا دەۋران ئاتا قىلغان جاسارەت گاھ قانات بولسۇن،
مۇشەققەت ئالدىدا يانىما ھامان قەددىڭ پولات بولسۇن،
بەختلىك كۇنلىرى ئەلنىڭ باياشات، قەن - ناۋات بولسۇن،
ئىجادىڭ ئالدىدا دۇشمەن كويۇپ شەرمەندە - مات بولسۇن.

ئۇمۇرنىڭ قىممىتى مىھنەت، ئىجات مىھنەتكە يولداشتۇر،
پىشانەڭدىن توكۇلگەن تەر يۇرەك بىرلە تومۇرداشتۇر،
ھالال تەرسىز مەرىپەت باغىدا گۇللەر ئىچىلماستۇر،
ئاڭا بۇلبۇل تۇگۇل بەلكى بىكار قۇشقاچمۇ قونماستۇر،
ئەگەر گۇلزارغا خۇشتارسەن تەرىڭ توك، باغ ئاۋات بولسۇن.

ئەگەر كۆڭلۈك جانان ئىستەر، جانانغا جان پىدا ئەتكىن،
يىتىپ ئارماندا ئاھ چەكمەي سەۋەپ قىل، كوپ جاپا چەككىن،
ئىجات ھىممەتكە باغلىقتۇر ئاڭا چىندىن كوڭۇل بەرگىن،
ئىلىم سەھراسىدا پەرھات بولۇپ دەريايۇ-تاغ كەزگىن،
ئەجىر قىلماي قاياقتىن يار ۋىسالى ئىلتىپات بولسۇن.

مىراس قالدۇردى ئەجداتلار جاپا بىرلە توكۇپ قان-تەر،
گوھەر، ئالتۇن ياتۇر بۇندا ئۇنىڭ قەدرىنى بىلسەڭ گەر،
ھورۇنلارغا ھارامدۇر ئۇ ئۇنى بىلمەس ئەجىر سىزلەر،
گوھەرگە دۇر-گوھەر قاتقاي ئۇنى جان بىرلە سۇيگەنلەر،
ئىلىم جەڭگاھىدا جۇرئەت ساڭا تولپارۇ-ئات بولسۇن.

مەرىپەت چەشمىسى پۇتمەس تۇمەن قەترە سۇمۇرسەڭ گەر،
گويا چۇللەردە كارۋانغا ھايات زەمزەمى بىلسەڭ گەر،
ساڭا پۇتمەس گوھەر بەرگەي ئۇنى جان بىرلە سۇزسەڭ گەر،
ۋە ھەتتا بەرمىگەي تاشمۇ جاپاسىدىن ئۇكۇنسەڭ گەر،
ئەگەر زەمزەمگە تەشنا سەن دىلىڭدا ئىجتىھات بولسۇن.

ئاگاھ بولكى چايان يەڭلىغ تەمەننا چىرمىشۇر ھەر ۋاق،
قىلىپ ناز، مەس-بىھوش ئەيلەپ تېنىڭگە نىش ئۇرۇر ھەر ۋاق،
تەمەنناسىز كىشى تاشتىن مىسالى دان ئالۇر ھەر ۋاق.
چىگىش سىرنى ئايان ئەيلەپ شەرەپنى قوش تاپۇر ھەر ۋاق.
ئەگەر قىلساڭ شەرەپ ئارزۇ تەمەننا ئەسلى يات بولسۇن.

ئىلىم ئاتلىق جانان كەلمەس ئوزىچە، سەن جانان ئىزلە،
جانانىڭ بىرلە كۆلمەككە ئىرەم باغ ـ گۈل ماكان ئىزلە.
زەپەر باغىدا توي تارت، تويىدىمۇ خەلقىڭگە شان ئىزلە.
كېلىچەككە گۈزەل مەنزىل ئاسايىشلىق زامان ئىزلە،
ئۈتتۈق ـ توھپەڭ بىلەن خەلقىم دىلى ھەر دەمدە شات بولسۇن.

1979 ـ يىل ماي، ئۈرۈمچى.

# تارىمغا مۇھەببەت

سۈيىڭنى ساپ، سۈزۈك دەيمۇ، بويۇڭنى تالۇ بوستانلىق.
كەچۈر، بۇ پاك سۈپەتىڭنى يالا ـ يالغاندا ياپقانلىق.

باياۋاندىن ئاقارسەن، ئۇپقۇنۇڭ كورمەيدۇ ھىچ سايە.
سۈيىڭدىن نەپ ئالۇر ئەمما ئىبقىندىن پەستە چاتقاللىق.

ئىگىز تاغدىن غۇلاچ ئاتساڭ سىنىڭ ئالدىڭدا توسقۇن يوق،
يالاپ قىرغاقنى يول ئالساڭ سۈيىڭدە لايمۇ ئاقـقان لىق.

سۈيىڭ لاي دەپ نىچۈن تەركى مۇھەببەت ئەيلىسۇن ئوغلۇڭ،
مۇھەببەتتۇر ماڭا لاينى سۈرۈپ شىددەتتە ئاققانلىق.

نىرىكلىكتىن بىشارەتمۇ ئاشالماي قىر. سۇرەلمەي لاي،
يېشىل زۇمرەت كەبى چاقناپ سۈزۈك كولچەكتە ياتقانلىق.

1981 ـ يىل سېنتەبىر، ئۈرۈمچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

# مۇقام ھەققىدە مۇخەممەس

نەغمىنىڭ تىلسىز مۇڭلىرىنىڭ ئاۋازى ئىنسان روھىغا
مەنىۋى ئوت تۇتاشتۇرغۇچى ئامىلدۇر.

——«تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»دا ئەبۇ نەسىر فارابىنىڭ
«رىسالەئى مۇغەننىيۇن» ناملىق كىتاۋىدىن كەلتۈرۈلگەن
نەقىل.

ئەيا ساقى شاراپ تۇت، بىل بۇ دەم ئىلھام ماڭا ئۈلپەت،
نە ئىلھام، بىر زىبا گۈلئۈز مېنىڭ بىرلە قىلۇر ئىشرەت،
نە ئىشرەت، ئىشرەتى نەزمەم قۇرىغا گۈل تىزار رەت ـ رەت،
ئايان بولسۇن كۈيۈمدە كۈي ئاتاسى بىر بۈيۈك سەنئەت،
شاراپ تۇت، ياق، مۇقامىڭ چال، چېلىپ دوستۇڭغا بەر رىغبەت.

تۇغۇلسام ئوي ئىكەن نامرات، ئوقەت چاغلىق، بىسات ھەم ئاز،
لېكىن كوردۇمكى تور تامدا نەقىشلىك داپ بىلەن جۈپ ساز،
قاچانكى مەن سوراپ قالدىم: پەقىرگە بۇ نىمە پەرداز؟

ئاتام ئېيتتى: ئۇنى چالساق قوساق ئاچ گەر، لېكىن مۇڭ ئاز،
شۇ ئان سايراتتى تەمبۇرنى. ماڭا كورسەتتى بىر ھەممەت.

يۇرەك ـ باغرىم ئېزىلمەستى تۇمەن بازغانۇ ـ سەندەلدە،
كى بولدى سۇ مۇقامنىڭ مەرغۇلى بىر مۇڭنى بەرگەندە،
ۋە سەزدىم شۇ مۇقام ئەۋجى بىلەن پەرھات كۇچى تەندە،
غېمىم يوقتى مادارىدىن تاغلىنى مىڭ پارە ئەتكەندە،
نە تاغ، ئەھلى مۇقامغا ئەيلىدىم تاغدىن ئىگىز ھورمەت.

ھالا شۇندىن بىرى نە دىلرابا خەندىگە رايىم يوق،
نىگارىمكى مۇقام، ئوزگە نىگاردىن ھىچ تامايىم يوق،
نىگاركى مېھرى يالقۇنلۇق، ئۇنىڭسىز دىل ئارامىم يوق،
ئۇنى سۇيگەن كەبى سۇيگەن يەنە بىر خۇش ناۋايىم يوق،
ئەگەر تەشنا بىتاپتۇرمەن مۇقامدۇر نەق شىپا ـ شەرۋەت.

سىگاھ ئويغاتسا ھەر تاڭدا يېشىل قىرغاقنى سەيلەتسەم،
سېغىندىم چىن گۇزەللىكنى مۇقامى چەببيات چەكسەم،
چېلىپ مەن چارىگاھ دەيمەن ئەجەمدىن ئوز ئانا ئولكەم،
يېپپىشقايمەن مۇشاۋرەك ۋەجىدىن چىنلىقنا مۇستەھكەم.
كى ئېيتسام پەنجىگاھ، يۇكسەك تۇيۇلدى بۇ ئەجىر ـ مېھنەت.

كى ئۇزھال ـــ ھالى مەزلۇمنىڭ، نە مەزلۇم بولمىسۇن غەمناك؟
ئازاتلىق دەپ ئازاپ چەككەن بوۋام دادى مۇقامى راك،

باياتــباتۇر جەمەتىمنىڭ تېگىنى ئەسلىتۇر ھەر ۋاق،
جۇدالىقتا ئۇشاقتىن ھەر جۇنۇن دەرمان ئالۇر ئانداق،
ناۋانىڭ قۇدرىتى ئىمجانىنمۇ ئەيلەر باھادىر ـ مەرت.

تەكەللۇپ بىرلە جەننەتتە قىلۇرمەن گەر غەزەلخانلىق،
تاپار مەندىن مۇراتقا ھورىلەر ھاسىلى ئىمكانلىق،
نە ھور، چالسام تىرىكلەر جىسمىدىن قاچقاي پەرىشانلىق،
تۇپىلەر ئوردىسى ئىچرە مېنىڭدۇر تەختى سۇلتانلىق،
قازاندىم شۇل سەۋەپ دىلكەش بولۇپ سەنئەتتە خوپ شوھرەت.

جاھان سەنئەت كوكىدە ئەل مۇقامنى ماھى چولپان دەر،
چىمەندە شەرقىنىڭ بۇ كەبى چولپان تۇغۇلغان دەر،
كى بىلمەسلەر سورار ــ بۇ يۇرت ئىچۇن داڭدار ئاتالغان دەر،
بىلەر كىم: ھەر گىيا، ھەر جان ئۇسۇل، كۇيدىن يارالغان دەر،
ئۇشبۇ نام بىرلە ئالەمگە تونۇلدى بۇ ۋەتەن جەننەت.

ئىجات شۇڭقارى ئەسلىمنى ئىچۇن مەن ئىپتىخار بىلمەي؟
مېنى چوڭ قىلدى شۇ ئەجدات مۇقام بىرلە ئېيتىپ ئەللەي،
ئۇ تۇتقان ساز ـ تەۋەرۇكنى ئىچۇن بىر ياخشى يار بىلمەي؟
ئۇنى جان بىرلە قوغداشنى ئىچۇن ئەھدۇ ـ قارار بىلمەي؟
نومۇسچان ھەر مىراسخور تاجىدا بۇ دۇركى بىر زىننەت.

سورالسا گەر مىراسخور توھپىسى مەنكى ھامان پەستە،
ئۈمىتكە ھېچ جاۋاۋىم بولمىدى ئوتتۇزغا يەتمەستە،
قۇرۇق گەپتىن ئۇزۇپ قول، ئىش قىلاي دەپ گورگە كەتمەستە،
ئايان قىلدىم ئىرادەم گال قەلىمىم بىرلە مىڭ تەستە،
بولۇر ئاززۇ شىرىن قانچە، لېكىن كولمەيدۇ بىمېھنەت!

1980 ـ يىل ماي، ئۈرۈمچى.

# پولات

## (داستان)

### بىرىنچى باپ "نولدە بەش"

تاغدا سەھەر، تۇمان ئۈزەر تاغنىڭ بېلىدە،
قىلۇر جىلۋە رەڭدار گىلەم قاپتال يۈزىدە.
سۈيەر سەلكىن كوكاتلارنى سالقىن دەم بىلەن،
يالتىرايدۇ تاڭ شەبنەمى گۈللەر لېۋىدە.
زەپ يېقىملىق كۆيگە ماكان تاغلار ئاراسى،
قۇش تىلىدىن ياڭرار بۇ دەم تاڭنىڭ ناۋاسى.

كوك سەتھىدە غۇۋالاشتى چولپان جامالى،
يۈتتى ئاستا تەبىەتنىڭ سۈترەڭ رومالى.

كىيدى زەر تاج كۈمۈش چاچلىق تاغلار بېشىغا،
چاچتى شولا ئۈپۈقتىن كۈن ئوتقاش مىسالى.
يىراقلاردا غۇۋا ئويلەر، باغلار كورۈنەر،
قىق-قىق قىلىپ غوراز ئۈنى ئاستا ئۈزۈلەر.

كەڭرى ئويمان تىك قىيالىق تاغنىڭ ئارىسى،
يار بويىدا قىمىرلايدۇ ئادەم قارىسى.
قوللىرىدا ئۈچ ئاياقلىق دۇربۇن، ۋە ياكى —
بەزىسىدە ئالا بوغماق ئۇلچەم خادىسى.
قول بايرىغى ئىگىز-پەسكە يەلپۈنەر بەزەن،
خادىلار تەك يېقىن-يىراق يوتكىلەر بەزەن.

دۇربۇن تۇتقان شۇ يىگىتنىڭ ئېتى ئەخمەتجان،
بىرى غازى، بۇرۇتلىرى ئەمدى خەت تارتقان.
قوشبۇلاقتىن ئۇسۇپ چىققان يېڭى تېخنىكلار —
لەقەملىرى ئەل ئاغزىدا ئېيتىلۇر "چاققان".
ئەتىمالىم قىزلار ئۆزى قويغان لەقەم بۇ،
لەقەم قويماق قىزلار ئىشى، ياراشقان ھەم بۇ.

مانا ئوتتى ئۈچ كۈن، بۇلار تاغنىڭ ئىچىدە.
داۋام ئەتتى ئولچەش-سىزىش كۈندۈز-كېچىدە.
سۇ ئامبىرى پىلانىغا بولدى مەستانە،
سان-سىزىقلار ئايان ھەتتا تۈندە-چۈشىدە.

ئۇلار بىلەر توسماق ئۇچۇن كەلكۈن-قىيانىنى،
خەرىتىگە سىزماق كېرەك توغرا پىلانىنى.

بۈگۈن يەنە تاغدا ئۇلار چىقتى گەمىدىن،
قالماسلىغى كېرەك ئىدى ئۇلچەش ئەتىدىن.
نىمشقىدۇ توغان ئۇرنى كەلمەس رو-بىرۇ،
ئۇلنى زادى سالماق كېرەك يارنىڭ نەرىدىن؟
كوپەيمەكتە دەپتەردىكى سانلار كۈنساناپ،
قانائەتتىن يىراق ئەمما تاپقان ھەر جاۋاپ.

ئەخمەت سۆچى دۇربۇن بىلەن كوزلەپ يىراقىنى،
ئىشىدىشىغا قىلدى شەرەت سىلكىپ بايراقنى.
ئەڭ ئاداققى ساننى يازدى دەپتەر بېتىگە،
"نولدە بەش"نىڭ ئۇدۇلىغا قويىدى سوراقنى.
ئۇنىڭ بۇ دەم كوزلىرىدە شاتلىق كۈلكىسى،
يالتىرايتتى چېككىسىدە ماڭلاي ئۇنچىسى.

غازى يۇگرەپ قايتتى چاققان دۇربۇن قېشىغا،
كۈلكە ئۇنى كەگرى ساينى كيىدى بېشىغا.
قورام تاشقا خەرىتىنى يايدى قولمۇ-قول،
قوللىرىغا سىزغۇچ ئېلىپ چۈشتى ئىشىغا.
ئاق قەغەزگە ئىز سالاتتى يۇگرەك قېرىنداش،
تەسەۋۋۇردا ياسىلاتتى تۇپ-تۇز توغان-قاش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى

— ”ئۇھ“ — دەۋەتتى غازى شۇ ئان سۇرتتى يۈزىنى،
— ”يېشلمەكچى بۇدو جەزمەن سىرنىڭ تۇگۇنى“.
— ”سانىماستىن سەككىز دىمە“ — دىدى ئەخمەتجان،
ئىما قىلدى ئاڭا ناگان تاشلاپ كوزىنى.
ئۇ بىلەتتى، ئۇمىت قۇشى كەلدى قانچە رەت،
كەلدى ئەمما قونماي ئەگىپ كەتتى قانچە رەت.

مانا دەپتەر بەتلىرىمۇ بىر-بىر ئورۇلدى،
مۇھىم قوزۇق — ”نولدە بەش“نىڭ ئورنى كورۇندى.
ئەڭ ئاداققى زورۇر سانىنى تاپتى ئەخمەتجان،
بىراق ئۇنىڭ قوشۇمىسى بىردىن تۇرۇلدى.
ئىككى يىگىت خەرىتىگە ئىگىشتى ئاستا،
سىزىق بويلاپ كوزلىرىنى تىكىشتى ئاستا.

— ”ھەي!“ — دىدى-دە، تاشلاپ ئاستا ئەخمەت قەلەمنى،
خۇرسىندى ئۇ ئۇ ياق-بۇ ياق تاشلاپ قەدەمنى،
دىدى ”مۇشكۇل سىرلىرىغا يەتمىدى ئەقلىم —
قانداق قىلاي كارغا كەلمەس دىتىسىز مېڭەمنى!“
مۇشتۇمىدا چېككىسىگە دوك-دوك ئۇردى ئۇ،
ئوز ئەقلىگە ئوزى كايىپ ئويغا چومدى ئۇ.

بۇ ئۇتۇقسىز ئەمگەكدىن كوڭلى غەش بولۇپ،
ئولتۇرۇشتى ئۇلار بىر دەم تاشقا زوكزۇيۇپ.

ھىلى كۈندۈز ئاسمىندىكى غازنىڭ چېھرى —
تۇمانلاشتى شوخ كۆلكىلەر بىردىن يوقۇلۇپ.
ئەتراپ جىمجىت، غەمسىز قۇشلار چىر - چىر قىلاتتى،
گاھ ئىگىزلەپ، گاھى ئورلەپ پىر - پىر قىلاتتى.

گەرچە ئۇلار جىمجىت بۇ تاپ قىلماس ئۈن - تىنىش،
مۇمكىن بىراق بۇ ھالەتنى تىلسىز پەم قىلىش.
ھەق جاۋاپنى تاپالمىدى ھەممەتىلىرى ھېچ،
ئۆزۈلدى دەل قاق بېلىدىن ئولچەش ۋە سىزىش،
توكۆلگەن تەر چىچەك ئاتتى، ئەپسۇس توساتتىن —
ھەر شېخىدا مىۋە تۇتتى ئەگمەچ سوراقتىن.

تېخىنىك يېڭى، بىلگىنى ئاز، تۇتقان ئىشى تەس،
تېپىلمىدى مۇھىم قوزۇق ئورنى "نولدە بەش"
كوز ئالدىدا قىيان پەسلى، پارتكوم ئۇمىدى —
يىگىتلەرنىڭ كوڭلى نىچۈن بولماس بۇنچە غەش؟
شىرىق - شىرىق ۋاراقلىسا دەپتەرنى شامال،
خىجىللىقتا تاشلار ئىدى ئەخمەتنى بۇ ھال.

تۇنجى بولۇپ تۇردى چاچراپ ئورنىدىن غازى،
دىدى "ئاكا، ئەمدى قانداق قىلىمىز زادى؟"
ئەخمەت سۆچى چىن دىلىدىن ئېيتتى بۇ سوزنى —
— "ئىش بېشىدا پولات تېخىنىك بولسىچۇ كاشكى!"

بولسا ئىدى پولات تېخنىك دېيىشتى شۇندا،
ھورمەت بىلەن ئۇنى تىلغا ئېلىشتى شۇندا.

## ئىككىنچى باپ پولات

"ئاستا!"— دېدى ئىما بىلەن سېستىرا ئايشەم،
يىگىتلەرگە تېچلىقتىن بەردى ئاگاھ ھەم،
كىردى ئۇلار پۇت ئۇچىدا شىپ-شىپ دەسسىشىپ،
دىدارلىشىش تەشنالىغى دىللاردا بۇ دەم،
بولمە سۈرلۈك، ھەممە قاردەك ئاپپاق تۇراتتى،
دورا ھىدى دىماقلارغا گۇپ-گۇپ ئۇراتتى.

كوردى ئۇلار ئۇستازىنى ئۇستىدە كاتىنىڭ،
كوردى ھۇشسىز ھالىتىنى تېخنىك پولاتنىڭ.
ئۇنىڭ قاپاق چىچىگىدەك ئوڭسىز چېھرىدە،
كوردى ھەمدە بەلگىسىنى جۇشقۇن ھاياتنىڭ،
ئاسما ئوكۇل نەيچىسىدىن چىپىلداپ تامچە،
ئۇرار ئىدى ئەجەل-ئاپەت بېشىغا قامچە.

ئورۇپ تۇرۇپ ئايشەم بىگىلى— دەپتەر بېتىنى،
يىگىتلەرگە پىچىرلىدى ئۇشلاپ لېۋىنى.
—"پولات ئاكام مەھكەم ئىكەن ئىسمىغا لايىق،
غالىپ كەلدى قىينىسمۇ ئاغرىق جېنىنى.



رىماتىزىم يېنىك ئەمەس، جاراھەت ھەمدە،
جاراھەتمۇ ئاز گەپ ئەمەس ماجالسىز تەندە.“

گەز باغلىغان كالپۇكلىرى تېخىنىكىنىڭ شۇ تاپ،
مەدرىلىدى بىر بىرىدىن تەسلىكتە ئاجراپ.
پىچىرلاتتى تەكرار-تەكرار ”نولدە بەش“ دەيتتى،
ئىش بېشىدا يىگىتلەرگە قىلغاندەك خىتاپ.
تومۇر تۇتۇپ ئايشەم دەم-دەم ئولچەپ باقاتتى،
قىزىتمىسى مىنۇتسېرى پەسلەپ باراتتى.

غازى ھەمدە ئەخمەت شۇندا ئاستا ئىگىشتى،
ئۇستازىنىڭ جامالىغا كوزلەر تىكىشتى.
”نولدە بەش“نى تەكرارلىدى تېخىنىك يېنىشلاپ،
بىراق لەۋلەر ھايال ئوتمەي قايتا يېپىشتى.
كىرپىكلەرگە ياش ئۇنچىسى قوندى قاتارى،
يىغىسىنى مىڭ تەسلىكتە باساتتى غازى.

* * *

بۇ تاپ ئالەم دېڭىز گويا، دولقۇن كېلەتتى،
شاۋقۇن سېلىپ گۇكىرەيتتى، كوككە يېتەتتى.
يەلكەن كەبى شۇ دېڭىزدا چايقىلىپ تېخىنىك،
ئەس قىرغىقى ساھىلگە تىنماي ئۈزەتتى.
داۋام ئەتتى شۇ قىرغاقنى ئىزلەشنى پولات،
قىرغاق تامان پالاق ئۇرۇپ تىزلەشتى پولات.

ئالدى مانا ئۇز قوينىغا قىرغاق پولاتنى،
پىكىر قۇشى ئاستا ـ ئاستا يايدى قاناتنى.
ھاياتنىڭ سەھىپىسى ئاچتى ئاڭا يۈز،
سەپەر قىلدى تېخىنىك تەنھا چاپتۇرۇپ ئاتنى.
گاھ ئويدا، گاھ چۈشىدە ئويلار سۈرەتنى،
كارتىنىلار كوز ئالدىدىن بىر ـ بىر ئۆتەتتى.

*　　　*　　　*

باللىقنىڭ سەبى چېغى سەككىزدە پولات،
ئاتتى پارلاق ھورلۇك تېگى، نۇرلاندى ھايات.
يالاڭغىداق ئاتىسىنىڭ بولۇپ ھەمراسى،
دەرتمەنلەرنىڭ مەجلىسگە بارغاندا پولات.
نامراتلارنىڭ كوز يېشىنى كوردى شۇ چاغ ھەم،
كىچىك مۇشتى چويۇن كەبى تۈگۈلدى مەھكەم.

ئاشۇ ئاخشام ئاي ئۈزەتتى كوكتە ـ سامادا،
بار تەبەت سەگىدەيتتى سالقىن ھاۋادا.
قانلىق ئوتمۇش دەپتىرىنى بىر ـ بىر ۋاراقلاپ،
مۇڭ توكەتتى نامرات ئاتا ھويلا ـ تالادا.
كېسەك بارماق تارىخىغا نوۋەت يەتكەندە،
كىچىك پولات سوراق قويۇپ جاۋاپ كۈتكەندە.

ــ "ئاڭلا" ــ دىدى ئاتا "سوزنى ئېيتسام مەن ئۇدۇل،

بىر ئىچىق سۇ بەدىلىگە كېسىلگەن بۇ قول.
ئوقۇ ئوغلۇم، مىراپ بولغىن، سوزلە ئەل ئۇچۇن—
مىراپ ئەمەس ئادىل سۇچى—ئەلنىڭ يارى بول!“
”ماقۇل!“—دىدى كېسىك قولغا تىكتى پولات كوز،
ياش قەلبىگە ئوچمەس بولۇپ ئورناشتى بۇ سوز.

* * *

ئوتتى يىللار، جۇشقۇن چىغى كەلدى پولاتنىڭ،
ئىلىم ئىشقى ياش دىلىنى تارتتى پولاتنىڭ.
چىراي ئاچتى سىر پەردىسى هارماس بالىغا،
هىكمەت ئارا بىلگەنلىرى ئاشتى پولاتنىڭ.
كىچىك پەرهات تاغ قازاتتى ئىشقىدا ئەلنىڭ،
(پەن ئەمەسمۇ ساپ جەۋهىرى توكۇلگەن تەرنىڭ).

تېخى ئەستە، ئىمتىهاندىن ئوتكەن ئاشۇ كۇن،
ئىنىستىتۇت تەييارلىغى پۇتكەن ئاشۇ كۇن.
پايناپ يېزا ئوز ئوغلىنى قالدى ئۇزىتىپ،
پولات ئوقۇش ئارزۇسىغا يەتكەن ئاشۇ كۇن.
ئۇ چاغ شاتلىق دەرياسىدا ئاققان ئىدى ئۇ،
ئۇمىدىنى ئەلنىڭ دىلغا تاڭغان ئىدى ئۇ.

* * *

كەلدى پولات مەكتۇبگە—قايناق شەهەرگە،
شىجائەتنىڭ كەمىرىنى باغلىدى بەلگە.

سۇ ئىلمىنى قىلدى تەھسىل هارماي كۈنۈ ـ تۈن،
ئىجتىهاتتا ئۇلاپ تاڭنى تاكى سەھەرگە.
قۇرۇچ قوشقان شەمشەر بىسى تاشتىن يانامدۇ؟
مەجنۇن كىشى جاناندىن جاننى ئايامدۇ؟

ھە، قەدىردان خۇش پېىللىق ئەسقەر مۇئەللىم،
ئاڭا بەردى ئاتەش كەبى مېهرىدىن تەلىم.
پولاتجانغا بولدى باغۋەن، تەشنا دىلىنى ــ
مەرىپەتنىڭ شەرۋىتىدە قاندۇرۇپ دائىم.
ئۇستاز مېهرى ئاڭا ئەقىل بەرگەن ئەمەسمۇ؟
ياش كوچەتنى ئەھيا قىلغان باغۋەن ئەمەسمۇ؟

ئاشۇ يىللار، پولات دىلدىن شۇنچە شاتلىنىپ،
ئوقۇش پۇتۇپ ماڭغىنىدا جەڭگە ئاتلىنىپ.
دىدى ئەسقەر ”زىممەڭدىدۇر ئەلنىڭ ئۇمىدى،
ئۇنتۇما ھىچ، مۇشەققەتتىن بارغىن يول ئېچىپ“.
ئۇستازىنىڭ قولىنى چىڭ سىققان ئىدى ئۇ،
قەسەم بېرىپ يىراقلارغا ئۇچقان ئىدى ئۇ.

*　　*　　*

يىللار ئۆتتى، ئۇ باسمىغان تاغلار قالمىدى،
تاغلار تۇستى، بۇركۈت كەبى تاغدىن ھالقىدى.

www.uyghurkitap.com

هەر ئىزىدىن زۇمرەت ئېقىم ئاقتى جۇش ئۇرۇپ،
ياكى چولدە ئوكيان ياساپ شەرۋەت ساقلىدى.
شۇنداق شەرۋەت ئوكياندىن پۇتتى يەتتىسى،
ئۇندىكى سۇ هالال تەرنىڭ كۇرمىڭ قەترىسى.

مىڭ لەنەتلەر توت گېزەندە قۇترىغان چاغلار،
غازاڭ بولدى پەن-مەرىپەت گۈلشىنى — باغلار.
زەي تۇرمىدىن يادىكار بوپ قالدى كېسەللىك،
ئىجاتلىرى پولاتجاننىڭ بولدى خارۇ-زار.
شاياتۇنلار سالدى باشقا كۇرمىڭ بالانى.
ئوتتى كوڭۇل جاراھىتى تاپماي داۋانى.

* * *

مىڭ تەشەككۇر، كەلدى قۇتلۇق مۇبارەك چاغلار،
نۇرغا تولدى پەن-مەرىپەت گۈلشىنى — باغلار.
رەزىللەرگە بەردى مەركەز ئادىل-ھەق جازا.
ئوكتەبىرنىڭ كەلكۈنىدە يۇيۇلدى داغلار.
پۇلاتجانمۇ بولدى ئازات كۇرمىڭ بالادىن،
جاراھىتى پۇتتى دەۋران بەرگەن داۋادىن.

باھار كەلدى، باھار كۆيى قاپلاپ سامانى،
يۇرۇش مارشى گۇرۇلدەتتى تاغۇ-دالانى.

يەڭ تۇرۇشتى يېڭى جەڭگە كۈرمىڭ باھادىر،
دۈلدۈل بولۇپ ئۇچتى كوككە تارىم پايانى.
ئېخ! ھاياجان شەرۋىتىنى يۇتتى پـولاتمۇ،
ھۇررا توۋلاپ سەپ ئالدىغا ئوتـتى پولاتمۇ.

ئەمدى ئۇنى مۇشكۈل، يېڭى جەڭـلەر كۈتەتتى،
كۈرەش زوقى دىل مەيلىنى مەپـتۇن ئېتەتتى.
پىلانىنى كۈتەر ھەممە يېڭى ئامبارنىڭ،
ئەل ئىشەنچى ئاڭا چەكـسىز دەرمان بېرەتتى.
ئۇ بىلەتتى، پۈتسە توغان گۈللەر دەشتى چول،
توكمۇ بۇلار، ماشىنىلار ئوينار شوخ ئۇسۇل.

شۇ ئۇمىتتە پولات تاققا بارغان چېغىدا،
"نولدە بەش"كە بار كۈچىنى سالغان چېغىدا.
كىممۇ بىلسۇن پىر قىلدى-دە، بىردىن يەر-پەلەك،
تىك قىيانىڭ دەل لېۋىدىن ماڭغان چېغىدا.
سىقىراشتى پەيلەر، شۇ ئان تورلاشتى كوزى.
ئاندىن كېيىن بولدى نىمە، بىلمەيـدۇ ئۇزى...

* * *

خىيال يىپى ئۈزۈك-ئۈزۈك، ئويـلار گادىرماش،
چاقپىلەكتەك پىقىرايدۇ ئالەم، ئېـغىر باش.

كوزلىرىنى ئاچماقچىيۇ، تەنلەر ماجالسىز،
قاپىغىغا تۈگمەن تېشى ئېسىلغان ئوخشاش.
شۇ مىنۇتتا ئۇنىڭ يەنە پىكرى سوزۇلدى،
كوز ئالدىدا ئاكا تونۇش ئەسقەر كورۈندى.

"قېنى؟" — دەيتتى ئەسقەر ئاكا — "گاگدەك ئىرادەڭ،
مەكتىۋىگدە، ئەل ئالدىدا ئېيتقان ئىپادەڭ؟!
تۇر ئاياققا كۈتەر سېنى ئۇستاز ھەمـدە ئەل،
كۈتەر سېنى كۇرەش ئەۋجى، ئۇندا يېڭى جەڭ!"
شاگىرتىنى يېڭى جەڭگە ئۇنـدەپ مۇئەللىم،
ئاستا شۇ چاغ غايىپ بولدى سوزلەپ مۇئەللىم.

ئۇستاز سوزى خىجىللىققا سالدى پولاتنى،
كۈچ دىلبىرى ئوز قويىنىغا ئالـدى پولاتنى.
ئوتلۇق ئۇندەش مەلھەم كەبى بەردى شىـپالىق،
ھىسلىرىغا قىلدى بەخش بىر جۇپ قاناتنى.
كىرىشكەن كوز كىرپىكلىرى يىرىلدى ئاستا،
يۇلتۇز كەبى جۇپ كوز شۇ ئان ئېچىلدى ئاستا.

ئېچىلدى كوز، تۇمانلاشقان ئاسمان ئېچىلدى،
يىگىتلەرنىڭ دىل قېتىغا ئاپتاپ چېچىلدى.
ئەندىشىنىڭ بۇلۇتلىرى تارقاپ، بولەكتىن —
ئۇمىت - تىلەك مەشئىلىگە ئوتلار يېقىلدى.

ئايرىلغاندا بىر كۈن ئىكەن مىڭ يىلدىن ئۇزاق،
ئەمدى يۈرەك بۇ شاتلىقنى سىغدۇرار قانداق؟!

تۇنجى بولۇپ غازى ئاكا تاشلاپ ئۆزىنى،
"مىش ـ مىش" قىلىپ يىغلىۋەتتى ياشلاپ كۆزىنى.
ـــ "پولات ئاكا، ئەھۋالىڭىز قانداق؟" ـــ دېدى ئۇ،
ئۇستازىنىڭ يۈزلىرىگە ياقتى يۈزىنى.
ئىڭىشكەنچە ئەخمەت ھەمدە سىپىستىرا ئايشەم
كۆز يېشىنى يېڭى بىلەن سۈرتەر ئىدى ھەم.

سىلاپ تۇرۇپ غازىجاننىڭ بېشىنى تېخىنىك،
دېدى ـــ "ئۇكا، كۆز يېشىڭنى سۈرتكىنە ئىنىك.
مانا قارا، يىغلايدىغان باركەن نېمىسى ـــ
تۇرمامدىمەن ھالىم ياخشى، بەستىممۇ تېتىك."
ئاندىن پولات ئەخمەتجانغا قارىدى بىردىن،
سۆزنى تەشتى جىرادىكى ئۇلچەش ئىشىدىن.

ـــ "ئەمدى" ـــ دېدى ئەخمەت يەرگە باقتى شۇ ھامان،
خىجىللىقى كۆزلىرىدىن بولدى نامايان.
غازىنىڭمۇ يۈزى ھەمدە كەتتى ئوت ئېلىپ،
يەرگە قاراپ ئەخمەت بىلەن تۇردى يانمۇ ـ يان.

"قىلالمىدۇق" دېسمۇ بۇ راست گەپنىڭ ئۆزى،
تەس گەپ ئىكەن بىراق شۇنى ئېيتماقنىڭ ئۆزى.

تەستىقلىدى ئۇشبۇ ھالەت پەمنى ـ قىياسنى،
بىجا قىلدى پولات ھەمدە لايىق ئاياشنى.
ــ "ھېچقىسى يوق، جەڭ قىلمىز بىللە ئۇچەيلەن"
دېدى شۇ ئان ياستۇغىدىن كوتەردى باشنى.
كوتەردى ئۇ، ئەمما بېشى قايدى پىررىدە،
يولەپ قويدى ئايشەم ئۇنى ياتقان يېرىدە.

دېدى ئايشەم ــ "تېخى قىرىق سىزدە ھارارەت،
قىمىرلاشقا سېستىرادىن يوقتۇر ئىجازەت."
ــ "مەن ئىمشقا" دېدى پولات
دېدى ۋە ئايشەم،
ــ "ھېچ بولمىسا بىر كۇن چىداڭ، بىر كۇن
نىھايەت!"
دوختۇر دىگەن قازى، ئاڭا كونمەي ئىلاج يوق،
ئاشۇ يىلدەك ئۇزاق كۇننى كۇتمەي ئىلاج يوق.

## ئۇچىنچى باپ ئايدالادا بىر كېچە

كېچە پەيزى زەپمۇ گۇزەل تاغدا ئۇشبۇ تاپ،
كوككە زىننەت بېغىشلايدۇ يۇلتۇز پاقىراپ.

پىچىرلاشقان ئاشىق كەبى شوخلاپ تاغ سۇيى،
تاش ئارىلاپ ئاقار ئاستا شىر ـ شىر شىقىراپ.
تاغ شامىلى كوكاتلارنى پۈۋلەپ ئوتۈشەر،
تاڭ سوغىسى ــ غۇنچىلارنى سۈيلەپ ئوتۈشەر.

يېڭى ئۇچۇم قۇش بالىسى تاڭنى كۈتىدۇ،
ئۇۋىسىدىن كۇر ـ كۇر قىلىپ ئورلەپ قويىدۇ.
چىغ تۇۋىدىن توپا كولاپ چاشقان تىنىمسىز،
شىتىرلايدۇ ئەته ئۇچۇن ئولجا يىغىدۇ.
خىجىل بولۇپ ئايمۇ ئەنە پەسكە ئېگىلدى،
ئەتىمالىم ئىملەردۇ يەردىن كورۇندى.

مەيلى ئايمۇ خىجىل بولسا بولغانىدۇ، بىراق ــ
بۇندا چېدىر روجىگىدىن پارلايدۇ چىراق.
تىركەپ پولات قېرىنداشنى دەپتەر بېتىگە،
بۇ دەم پىكىر تورلىرىنى تاشلايدۇ ئۇزاق.
كوزلىرىدىن پۇتمەس ئىشەنچ چاقناپ تۇرىدۇ،
ئۇيقۇ ئەمەس، زېھنى ئورلەپ ياشناپ تۇرىدۇ.

قوشۇمىسى ئۇنىڭ قاتتىق تۇرىلەر بەزەن،
گاھى تۇرۇپ خەرىتىگە ئىگىشەر بەزەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى

پىكىر تورى نىملەردۇ سۈزسە دېڭىزدىن،
چېھرىدە شات كۆلكە ئىزى كورۈنەر بەزەن.
ئوز ئۇزىگە گاھى بىردىن پىچىرلاپ ئاستا،
يەنە خىيال ئۇكيانىغا چوكىدۇ قايتا.

بۇ چاغ ئۇيقۇ ئالىمدە ئوينار يىگىتلەر،
بىخىراماننى شىرىن-شىرىن چۈشلەر كورۇشەر.
مىيغىدا كۈلدى غازى، گويا پۈتكەن ئىش،
ئۇلار ئامبار توغىنىدا سەيلە ئېتىشەر.
شاتلىغىدىن سەكرىدى ئۇ شۇندا بىر يولى
يېپىنچىنى ئورۇپ چىقتى كوكرەك ۋە قولى.

شا كىچىكنىڭ كۈلكىسگە ئۇنسىز جۇر بولۇپ،
پىسسىڭىدە كۈلدى پولات دەپتەرنى قويۇپ.
قول سوزغاندا تۇزەتمەككە يوتقاننى بىراق—
كوزلىرىنى ئاچتى بىردىن ئەخمەت تولغۇنۇپ.
بىر چىراققا، بىر پولاتقا باقتى يېنىشلاپ،
تۇرۇپ كەتتى ئورنىدىن ئۇ غازىنى باشلاپ.

—"ھەي!" دەۋەتتى دەرھال پولات، ئەمما كىچىكتى،
مىنۇت ئوتمەي يىگىتلەرمۇ تەپ-تەخ بولۇشتى،

ئەتىمالىم تاڭ ئاتتى دەپ ئالداندى ھىسسى،
كوزلىرىنى مولدۇرلىتىپ تىپ-تىپ تۇرۇشتى.
مېھىر يانغان كوزلىرىدىن چاقنىتىپ شولا،
يىگىتلەرگە قىلدى پولات بۇ سوزنى شۇندا:

— "تاڭ ئاتقىلى خېلى بارغۇ ئۇخلايلى ئۇكام،
كېچىكمەيمىز ئىشنى ئەتە ئەتسەكمۇ داۋام."
دىدى ئەخمەت "ھەر ئاخشىمى ئۇخلاشقا بىزنى —
ئۇندەيسىزيۇ، تۇن بويى سىز ئالمايسىز ئارام.
بىزلەرغۇ ساق، دەردى بارغۇ سىزدە كېسەلنىڭ،
تەن ساقلىغى مۇھىم تەرسە ئادەم دىگەننىڭ.

دىدى ھەمدە — "دوختۇر سوزى چىقىپتۇ ئەستىن،
كوز يۇممايسىز ھازىرغىچە تاكى شام-كەچتىن.
سىزمۇ ئۇخلاڭ، ياكى بىزمۇ ھەمدەم بولايلى،
باشقا يول يوق سىزگە ئەمدى شۇنداق دىمەستىن".
— "توغرا" — دىدى ئەخمەتجاننىڭ گېپىنى غازى،
شۇ تەرىقە تاپتى ئىشنىڭ ئېپىنى غازى.

ھەقلىق ئىدى شاگىرتىنىڭ ئېيتقان سوزى ھەم،
بىلەر ئىدى پولاتجاننىڭ ھەتتا ئوزى ھەم.
ئىشلىسۇنمۇ بىر ئوزى، ياق! بولدى بولار ئىش،
يۇمۇلمايدۇ يىگىتلەرنىڭ ئەمدى كوزى ھەم.

چاقماق كەبى ئاشۇلارنى ئويلاندى پولات،
ئويلاندى ـ دە، كۆلۈپ تۇرۇپ سوز ئالدى پولات:

ــ "ئىش بېشىدا يالقۇن، گەپتە چاقماق يىگىتلەر،
شۇ تۇپەيلى مەن سىلەرگە ئامراق يىگىتلەر.
مەيلى بوپتۇ، مەنمۇ ئىشلەي باشلاپ سىلەرنى،
تەس ئىكەنغۇ سىلەرگە تەڭ تۇرماق يىگىتلەر."
خوشلۇغىدا يىگىتلەر تەڭ دىگـلاپ قولاقنى،
بۇيرۇق كۈتۈپ چورىدەشتى تېخنىك پولاتنى.

ــ "ئېيتسام بۇنى "نولدە بەش"كە ئائىت تېپىشماق،
قوزۇقلارنىڭ جاي ـ جايىنى تەكشۈرۈپ چىقماق.
ئۇ يان ئويلاپ، بۇ يان ئويلاپ تۈگىدۈم تۈگۈچنى،
ئەمدى زورۇر ئاشۇ مۇھىم تۈگۈننى تاپماق."
سوزلىگەنچە پولات ئىشەنچ ـ ئىدرەك توكەتتى،
يىگىتلەرنىڭ كوڭلىدە بىر شاتلىق كېزەتتى.

تاخلاپ كەتتى غازى شۇ چاغ شوخلۇغى پاتماي،
مادىلڭ ئالدى قوللىرىغا پـقىراپ ئاي ـ هاي!
دىدى: "تاپتىم ئېيتارىنى پولات ئۇستامنىڭ،
ئەخمەت ئاكا تېز بولمامسەن سوزۇلۇپ ياتماي.
قانداق دىدىم، بىكار يېتىپ كۈتمەي تاڭنى بىز،
قوزۇقلارنى تەكشۈرەيلى ئاتلاپ هاڭنى بىز."

— ”شەيتان“ — دىدى تېخىنىڭ كۆلۈپ ماختاپ غازىنى،
چاغلاپ باقتى يىگىتلەرنىڭ ئەلپاز - ھالىنى.
تەييار ئىدى يولۋاس كەبى غەييۇر جەڭچىلەر،
كوكرەك كەرگەن ھەتتا ئىشقا ئاتاپ بارىنى.
جۇپ كوزلەردىن چاقناپ تۇرغان ئىقبال كورۇنگەچ،
بۇ ھالەتتىن پولاتجاننىڭ كوڭلى سۇيۇنگەچ.

ئېيتتى تېخىنىڭ — ”قېنى باتۇر، چاققان يىگىتلەر،
پەرھات بولۇپ مۇشەققەتنى يارغان يىگىتلەر.
ئەلگە گۇلخان ئىشقىمىزدىن تاڭنى كۇلدۇرۇپ،
راس ئىشلەيلى كوكتە بولۇپ چولپان يىگىتلەر!“
ئۇچتى شۇندا شوخ يىگىتلەر سوڭىداپ پولاتنى،
تۇن پەردىسى قۇچىغىغا تاشلاپ قاناتنى.

* * *

ئېخ، گۇزەللىك! گۇزەللىكمۇ شۇنداق بولاركەن،
چوغدەك قەلب تۇن قوينىغا زىننەت قوشاركەن.
يەردە يۇلتۇز، يۇلتۇز ئەمەس نۇرلۇق چىراق ئۇ،
كوك سەتھىدە ھۇكەرنىمۇ نۇرسىز قىلاركەن!
ئاقار يۇلتۇز كوكتە دەيدۇ كوكتە ئەمەس ئۇ،
كوكتە ھۇكەر، خىجىللىقتا تولغان پەۋەس ئۇ.

يىغلىدۇ ئۇچ تال چىراق گاھى تارايدۇ،
يېقىنلايدۇ بىر بىرىگە ياكى ئۇزايدۇ.
قاش تاشلىشىپ ئۇ ياق-بۇ ياق تەۋرىنىپ گاھى،
ئىشارىسى بىر بىرىگە زەپمۇ يارايدۇ.
ھاياجاننىڭ بەزمىسىدە ئۇتىلىشىپ جامنى،
قۇربان ئېتەر ئۇلار بۇ دەم ئۇيقۇ-ئارامنى.

يېگىتلەرنى باشلار پولات، يەردە ئۇزەر ئۇ،
گۇمانى بار قوزۇقلارنى بىر-بىر كورەر ئۇ.
چىراق بىلەن نۇرغا پۇركەپ جىمجىت دالانى،
تاش تۇۋىدە توختاپ بەزەن ئويلار سۇرەر ئۇ.
ئېنىقلىشىپ قوزۇقلارنى ئولچەر چەن سېلىپ،
ئوتۇپ كېتەر ياكى ئاڭا شەرتلىك ئەن سېلىپ.

ئۇلار ئاتلاپ كەلگىنىدە چىغلىق جىراغا،
چىغ ئاستىدىن ھۇركۇپ تورغاي ئۇچتى ھاۋاغا.
كۇر قىلدى-دە، قانات قاقتى جۇپتى قوغلىشىپ،
— ”ئوھوي!“ — دېدى ئەخمەت شۇ ئان باقتى ساماغا.
باقتى ھەمدە تاغ كەينىدىن كوردى ئۇپۇقنى،
ئۇپۇق ئارا جىلۋە ئەتكەن سۇترەڭ يورۇقنى.

— ”قاراڭلارچۇ!“ — دېدى ئەخمەت ”تاڭنىڭ ھوسنىنى“
ھاياجاندا قىلدى ئىزھار تاڭنىڭ زوۋقىنى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

تاشلاپ نىگاھ ئۇپۇق تامان باقتى پولاتمۇ،
تاماشا قىپ تاغدا گۈزەل تاڭنىڭ پەيزىنى.
غازىغىمۇ تاغ سەھەرى گۈلدەك كورۇندى،
دىل جامىغا تاڭ كوركىدىن شاتلىق قۇيۇلدى.

بۇ چاغ راستىن كەڭ ئۇپۇقتا چەكسىز گۈزەللىك،
قىزىل تاجى چوققىلارنىڭ شۇنچە سولەتلىك.
مەرۋايىتتىن مونچاق ئاسقان كوپ-كوك يوپۇرماق،
تاڭ ساباسى ئەركىلەتسە تىترەيدۇ تېتىك.
سازەندە قۇش تەقەززاسى تاپىقاچ ئارامنى،
كۈي باشلىدى خۇش ئاۋازدا سازلاپ مۇقامنى.

— "ئەجەپ!" — دىدى باقىقاچ پولات چوغدەك قۇياشقا،
— "كورۇپ قانچە سەھەر-تاڭنى يەتتىم بۇ ياشقا.
بۇگۈن تاڭمۇ، كۈنمۇ گۈزەل،
گۈزەلدۇر بارچە،
بۇگۈن ھەي-ھەي! بۇ سەھەرنىڭ لەززىتى باشقا!"
ھەق سوز، دىمەك ئەل ئىشقىدا كويگەن كىشىنىڭ —
لەززىتى قوش، چەككەن جاپا، سۇيگەن ئىشىنىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

# توتىنچى باپ پولاتتەك بول!

تۈن يىپلىرى شۇ تەرىقە تاڭغا ئۇلاندى،
تاغ قاپتىلى كۈن ئاتەش تەپتىدە ياندى.
ساي تورغىيى كۈي توختىتىپ ئۇگدەپ، ئۈزىنى —
ھالسىز ياپراق، لويىلىلارنىڭ ئاستىغا ئالدى.
يىڭناغۇچلار ئوينار پەقەت پەرۋاز ئەيلىشىپ،
قانىتىنى پال-پۇل قىلىپ كوكتە لەيلىشىپ.

تاشلار بىتى مەش مىسالى، ئوت كەبى ئاپتاپ،
يىلىنجايدۇ كوكۇش قۇملار ئۇستىدە چاقناپ.
ئىشلەر، ئەنە پولات ھەمدە ئىشچان يىگىتلەر،
كىلەر سايدا چاخچاقلىشىپ تاشمۇ-تاش ئاتلاپ.
يەرۇ-ئاسمان مەيلى پىچەتەك پۇركىسۇن يالقۇن،
شۇندا پەقەت داشقال كويەر، تاۋلىنار ئالتۇن.

— "قىنى ئۇكا" — دىدى پولات ئەخمەتكە قاراپ،
— "بىر سايرىۋەت، بەلەن ناخشا-ئاھاڭنى تاللاپ،
ھورۇن تورغاي ئۇيقۇسىدىن ئويغانسۇن چوچۇپ،
سىنىڭ دىلنى سەگەتكۈچى مۇقامىڭ ئاڭلاپ."
— "ماقۇل!" — دىدى ئەخمەت شۇ ئان قىردى گىلىنى،
جۇر قىلغىلى غازى بەلدىن ئالدى نىيىنى.

گۈلشەندا — گۈزەل باغدا،
گۈلباغنى كورۇپ قالدىم.
خۇش بۇي گۈل - چېچەكلەردىن
گۈل دەستە تىزىپ ياندىم.

كوڭلۇمنى قىتىپ گۈلگە
يايرىمغا تۇتاي دەيمەن.
ئىشلەشتە بولۇپ داڭدار
كوڭلىنى ئۇتاي دەيمەن.

ئىشقى بىلەن نىپىنى شوخ پۇۋلىسە غازى،
ئاشار ئىدى تاغ بېشىدىن ناخشا ساداسى.
يانغۇ بەردى مەلە ياقتىن كۈيگە ئەجەبا —
زەپ يېقىملىق، زەپمۇ لەرزان ناخشا ئاۋازى.
قايىل بولۇپ كۈيگە ھەممە ھاي - ھاي دىيىشتى،
قوللىرىنى قۇلغىغا كاناي قىلىشتى.

گۈلشەندىن — گۈزەل باغدىن،
گۈل دەستە تىزىپ كەلدىم.
گۈللەرگە شىپا خۇش بۇي،
ئەل مېھرى قوشۇپ كەلدىم.

مېھرىمنى قېتىپ گۈلگە،
ئىشچانغا تۇتاي دەيمەن.
يايرىمغا بولۇپ ھەمدەم،
قاشىدا قالاي دەيمەن.

— "ئايشەم!"دىدى ئەخمەت شۇ دەم چاندى سوزىدىن،
ۋىل قىلدى-دە، بىر ئوت سىپاپ ئوتتى يۈزىدىن.
— "ئايشەم!"دىن ھاياجاننى كوردى پولاتمۇ،
ئەخمەتجاننىڭ ئىشقىي ئوتى يانغان كوزىدىن.
ۋىلىق-ۋىلىق كۆلدى غازى "يەڭگەم كەلدى" دەپ،
چىمداپ قويدى ئەخمەت ئۇنى "ئەمدى بولدى" دەپ.

راستىن ئايشەم چىقىپ كەلدى قول سىلىپ بىردىن،
تاغ گۈللىرى چوغ مىسالى كۆلگەن ئىدىردىن.
خىجىل بولۇپ شوخ چىچەكلەر بەردى ئاڭا يول،
چىقىپ كەلدى بىر گۈل گويا گۈللەر ئىچىدىن.
ئايشەم تولغان، توق قىزارغان رەيھان ئەمەسمۇ؟
ناخشىسىغا بۇلبۇل خۇشتار، ھەيران ئەمەسمۇ؟

ئەخمەتجاننىڭ يۈزى شۇندا گۈلدەك قىزاردى،
پولات كۈلۈپ سىپتىرانىڭ ئالدىغا باردى.
دىدى ئاڭا "قەدىمىڭىز بولسۇن مۇبارەك —

يولغىزغا قاراپ كوزلەر گوھەرى ھاردى.“
لىپالىق چاخچاق بىلەن كۇلدى ھەممىسى،
كوتىرىلدى خىجىللىقنىڭ سۇرلۇك پەردىسى.

ــ ”خوش كېلىپسىز!“ ــ دېدى ئەخمەت، ”خوش كېپسىز بەلەن،
سىزگە بىزنى يوقلايدىغان كۇنمۇ باركەن!“
ــ ”ئېلىپ كەلدىم تېخىنىڭ ئۇچۇن دورا ـ شىپالىق“
دېدى ئايشەم ــ ”سىزنى كورمەي مىڭ يىل چىدارمەن.“
چاخچاق دېسە ئايشەمگە ھېچ تەڭتۇش يوق ئىدى،
ئەل ئىچىدە ئاتا ھورمەت ــ ئالقىش قوش ئىدى.

شوخ كۇلكىلەر بېسىلغاندا ئايشەم ئاچتى گەپ،
ــ ”پولات ئاكا مەن ئاتايىن كەلدىم سىزنى دەپ،
كېسىلىڭىز كورمەك ئۇچۇن ئەۋەتتى شۇجى،
دېدى تېخىنىڭ جاپا چەكتى چولدە بىزنى دەپ.
قېنى ئەمدى جىم بولۇڭلار ھاي ـ ھاي يىگىتلەر
تېخىنىكنى مەن داۋالاشنى باشلاي يىگىتلەر!“

تىڭلىغۇچنى ئېلىپ ئايشەم كىيدى خالاتنى،
ــ ”ئوھۇي!“ ــ دېدى، زېھنى بىلەن تىڭشاپ پولاتنى.
ــ ”كەنتتىكى ئىش ھەققىدە سوزلىگىن سىڭلىم،
كورگۇم كەلدى گۇڭشېدىكى جۇشقۇن ھاياتنى.“

گەپنى بۇراپ تېخنىك ئىشنى ياپقانتى بىلىپ،
سېستىرا قىز ئېيتتى شۇ ئان جىددى تۇس ئېلىپ.

ــ"پولات ئاكا، ھە دېسىلا گەپنى بۇرايسىز،
راستىن ئېيتسام بۇ كېسەلگە ئاددى قارايسىز.
ئاڭلىمايسىز يېنىك ئىشلەپ دەم ئال دېسەكمۇ،
ياكى كېسەل ياستۇقىغا باشنى قويامسىز؟
كايىش بىلەن ئايشەم سوئال تاشلاپ تۇراتتى،
بۇ سوراقنى پولات خۇش خۇي ئاڭلاپ تۇراتتى.

ئېيتتى تېخنىك: "سىڭلىم راستىن ھەقلىق سۆزىڭىز،
چىچەنسىز ۋە بىزدىن ھەسسە سەزگۈر ئۆزىڭىز.
سانچىلىك قېنى يىغىنىڭىزگە مۇسكۇلۇم تەييار،
دورا بېرىڭ ئىچكىنىمنى كورسۇن كوزىڭىز."
ھا.....ھا قىلىپ كۇلدى پولات كەمتەرىن شۇنچە،
سېستىرادىن سۆيۈنۈپ چىن قەلبىدىن شۇنچە.

كېزى كەلسە كۇلكىدىن ھېچ قالمىدى ئايشەم،
كۇلۇپ تۇرۇپ جاراھەتنى باغلىدى ئايشەم.
ئوكۇل قويغاچ سوزلىۋەتتى نەچچە پەرزنى،
سومكىسىنى مۇرىسىگە تاشلىدى ئايشەم.

تېخىنك ئۈچۈن سېستىراغا دېدى ـ دە "رەھمەت"
پەيتنى پايلاپ چاخچىغىنى باشلىدى ئەخمەت:

— "توختاپ تۇرۇڭ ياخشى دوختۇر بىز ئۈچۈن
جىندەك،
نىمىلەر دەپ سوقار ئىكىن بىزنىڭ بۇ يۈرەك.
ئەجەپ ئەمەس كېسەل بولسا تاپسا شىپالىق،
نىمشقىكىن بۇگۈن سەل ـ پەل رىتىمى تېزرەك".
چاندۇرمىدى، تىڭلىغۇچنى چاپلىدى ئايشەم،
ئەخمەتجانغا سوزنى شۇنداق باشلىدى ئايشەم:

— "بىتاپكەنسىز، كېسەل سىزگە بەكمۇ ئاياندۇر،
ئەل ئالدىدا ئېيتماق بىراق يۈزگە ياماندۇر.
خالىسىڭىز،
خالامسىزكىن، ئەتە يا ئۈگۈن،
ھىچ بولمىسا خالى يەردە ئېيتماق ئاساندۇر."
"ئېيتىڭ"— دېدى ئەخمەت ئۈزمەي كوزىنى قىزدىن،
— "ياق!"— دېدى قىز قاچتى ئەمما ئارقىغا بىردىن.

ئىما قىلدى پولات قېنى قوغلا دېگەندەك،
دېدى غازى "ئىست، يىگىت بولامدۇ سەندەك."
غۇرۇر كۆچى ئايىغىغا بەردى دەرماننى،
ئەخمەت شۇ ئان قىزنى قوغلاپ كەتتى قۇيۇندەك،

قوغلاپ كەتتى بار كۈچ بىلەن تاشلاپ قەدەمنى،
قىر كەينىدە قوغلاپ يەتمەك ئۈچۈن ئايشەمنى.

كورمەك ئۈچۈن گۈل ئۈلارنى بويلار سوزاتتى،
چىغ تۈۋىدىن ئۈركۈپ قۇشلار شاخقا قوناتتى.
ساپ مۇھەببەت كۆلكىسىدىن زوقلىنىپ شۇنچە،
مېھمانلىرى شەرىپىگە سايراپ قوياتتى.
"كاككۇك"ــ دەيتتى نەلەردىدۇ كاككۇك كۈلەتتى،
كاككۇكمۇ بۇ تاماشادىن يايراپ كېتەتتى.

گۈل ئىچىدە مىسلى ئۈلار بىر جۈپ كېپىنەك،
قوغلىشاتتى سايدا گويا ئاھۇ-كىيىكتەك.
تۇتتى يىگىت قىزنى نەچچە، تۇتتىيۇ ئەما،
قوللىرىدىن ئاجرار ئىدى سىرغىپ بېلىقتەك.
قىز قاچىدۇ، قىز ئىنىشقا كىرمىسۇن سوزگە،
كوكاتلىقتا قوغلىشىشنىڭ لەززىتى ئۆزگە.

قاچماس ئەمدى سېپتىرا قىز قالدى ئاياقتىن،
كۈتكىنى شۇ، ئەخمەت ئۇنى تۇتتى تۇساتتىن.
هارغىن كوزلەر،
خۇما كوزلەر ئۈچراشتى قايتا،
هالال مەقسەت ئالدى لەززەت ياشلىق هاياتتىن.

ئىگىز ئۇسكەن گۈل ـ كوكاتلار بەردى پانانى،
ئاتا قىلدى تاغ سەگۈسى سالقىن ھاۋانى.

ئەخمەت دىدى "بىتاپلىقنىڭ داۋاسى قايدا؟"
ئايشەم دىدى "كۆزدە، چىراق پارلىغان چاغدا.
پولات ئوخشاش جاسارەتنى مەڭگۈ يار تۇتۇپ
قىنى، پەندىن توھپە گۈلى كۆلدۈرۈڭ سايدا!"
— "جەزمەن"— دىدى، ئەخمەت، گۈللەر بەردى پانانى،
چىن سۆيگۈنىڭ تەشنالىغى تاپتى شىپانى.

## بەشىنچى باپ شەمشاتنىڭمۇ يىلتىزى تۇپراقتا

كەچكى قۇياش چوغ مىسالى چاقنار ئۇپۇقتا،
زەر جىيەكلىك شايى ـ شەلپەر ئوينار ئۇپۇقتا.
تاشلار قىزىل، جىلغا قىزىل، بار ئالەم قىزىل،
گىدەيگەن زور چوققىلارنىڭ قالپىغى كاتتا.
تال ـ تال شولا بۇلۇتلارنىڭ كوكسىنى تەشكەن،
سايغا گۈلزار— باغىي جەننەت ھوسنىنى بەرگەن.

ئەنە سايدا ئالتۇن رەڭلىك تونغا پۈركىنىپ،
شوخ يىگىتلەر چىپدىر تامان كېلەر يول ئېلىپ.
كېلەر ئەخمەت، ئوشنىسىدە دۇربۇن ساندۇغى،
كېلەر پۈتمەس شاتلىقنى تۇۋلاپ كۈي قىلىپ.

— "سايرا" — دىدى مۇرسىگە قاقتى پولاتمۇ.
بوم ئاۋازدا كۈيگە سادا قاتتى پولاتمۇ.

— "ئوھۇي" — دىدى، غازى شۇ ئان يارنى كورستىپ،
چۈشتى ئۇلار پەسكە ئاتلىق ئادەمنى كورۇپ.
پۇتلىرىدا يەڭگىل چورۇق، ئاستىدا بوز ئات،
كېلەر ئىدى تاشمەت قويچى ئەگمىدىن ئوتۇپ.
قوچاغلاشتى ئۇلار قىزغىن ئەھۋال سوراشتى،
دىدارلاشقان يېقىنلارنىڭ شاتلىغى تاشتى.

— "قانداق تاغا، قويلار ئامان تولۇلەر خەتەرسىز؟
كەيمىزگە بېرىپ بەلكى توختاپ ئوتەرسىز؟
دىمىسەمۇ ئالدىراپسىز مەلىگە جەزمەن،
يا بولمىسا بۈگۈن قونۇپ ئەتە كېتەرسىز؟"
تەكەللۇپسىز ماڭدى قويچى چېدىرغا كەتتى،
چاي ئۈستىدە سوز داۋامى ئەۋجىگە يەتتى.

— "راستىن ئېيتسام، مەلە ياقتا ھېچبىر ئىشىم يوق،
تاغ كەينىدە قويلار ئامان، تولدىن كوڭۇل توق.
كەلدىم پەقەت چۈش مەزگىلى ئاڭلاپ خەۋەرنى،
بۇ سايدىكى ئولچەش ئىشى-ئامبار توغرۇلۇق."
— "سوزلەڭ تاغا" — دىدى ئەخمەت قويچىنى سۈيلەپ،
سەگەكلەشتى پولاتنىڭمۇ دىققىتى ئورلەپ.

ــ "شۇنداق قىلىپ پۇتى كويگەن توخۇدەك بولدۇم،
قوينى دەرھال باللارغا تۇتقۇزۇپ قويدۇم.
ساقلاپ كەلگەن تەۋەرۇكنى سالدىم قوينۇمغا،
ساينى كوزلەپ بوز ئېتىمغا قامچىنى ئۇردۇم."
گۇگۇم بۇ چاغ سايغا ئاستا ياپتى پەردىنى.
يۇلتۇز كۇلۇپ زىننەتلىدى ئاسمان قەرىنى.

شۇندا قويچى ئوڭ قولىنى قوينىغا سالدى،
ئاۋايلاپ ئۇ قوينىدىن بىر تۇگۇچنى ئالدى.
ھورمەت بىلەن بۇ تۇگۇچنى ئاچقاندا پولات،
ھەيرانلىغى ھەسسە ئورلەپ تاڭ قېتىپ قالدى.
ئەخمەت ھەمدە غازى سىرلىق قەغەزگە باقتى،
سوز كېمىسى پەرۋاسىزلىق سۇيىدە ئاقتى.

ــ كويۇك قەغەز! "ــ ئويلىــمايلا دەۋەتــتى غازى.
ــ "ئۇلچەش ئۇچۇن قانچىلىكتۇر پايدىسى زادى؟"
ــ "ئاجايىپ ئىش، خەرىتىگە ئوخشايدۇ بىراق" ــ
دىدى ئەخمەت "خەت يازغۇدەك بولسىچۇ كاشكى."
تاشمەت قويچى ئاڭلاپ بۇنى خۇرسىندى بىراق،
سالدى ئەمما ئۇمىت بىلەن تېخىنىكقا قۇلاق.

پولات كورۇپ خەرىتىنى كوڭلى بۇزۇلدى،
يىگىتلەرنى ئەدەپلىمەك ئەپسىز تۇيۇلدى.

— "ئۈكىجانلار!" — دىدى شۇندا بەش يىل بۇرۇنقى،
بىر كەچۈرمىش كوز ئالدىدا بىر ـ بىر كورۇندى.
يورۇتاتتى پولات بۇ چاغ تارىخ بېتىنى،
يورۇتاتتى مىسلى گۈڭگا دىللار قېتىنى.

*　　　*　　　*

ئاشۇ چاغلار، كوكتە تۇمان، دىل يارا كۈنلەر،
چىچەك سولغان باغدا بۇلبۇل بىناۋا كۈنلەر.
دەملەر بوغۇق، ئەلنىڭ ئۈمىت ـ ئەركى كىشەنلىك،
جاراھەتلىك يۈرەك دەردى بىداۋا كۈنلەر.
نەگە باقساڭ ئاپەت قۇشى ئەركىن كېزەتتى،
يەلكىلەردە مۇدھىش قىسمەت دەۋران سۈرەتتى.

زۇلمەت بىراق قانچە باسسا ئاسمان يۈزىنى،
كورسىتەركەن يۇلتۇز شۇنچە چاقناپ ئۆزىنى.
ئاشۇ كۈنلەر چولپان كەبى چاچتى پولات نۇر،
بورانلاردا شۇڭقار بولۇپ تاۋلاپ ئۆزىنى.
قۇيۇنلاردا تۇردى مەغرۇر تاغدەك ـ قىيادەك،
جۇتنى يەڭدى قىيادىكى سولماس گىيادەك.

شىددەت بىلەن ئۆرسۇن مەيلى دولقۇن قاتمۇ ـ قات،
نومۇس بىلدى ئۆز يولىدىن تايماقنى پولات.

يېڭى ئامبار پىلانىنى كوڭلىگە پۈكتى،
باشلىنۋەتتى خەرىتىگە ئالماقنى پولات.
قولداش ئىدى ئاڭا پارتكوم، ئامما مەدەتكار،
يولداش ئىدى سايدا ــ جەڭدە ئوت يۈرەك ياشلار.

كۈنلەر ئوتۇپ ئولچەش ئىشى ئۇتتۇق تاپقاندا،
يۈكسەك پىلان ئىجاتكارغا كۆلۈپ باققاندا،
شۇم چايانلار ئۇۋۇسىدىن چىقتى ئومىلەپ،
ئەدەپ كەتتى توھمەت بىرلە پاسات ھەرياندا.
ئەلنىڭ ئىشى قارا كوڭۇل ياۋغا يارامدۇ؟
چايان بىر كۈن نەشتىرىنى سالماي قالامدۇ؟

ئىش ئۈستىدە پولات، گۇم ــ گۇم دۇمباق چېلىندى،
بىر زەربىدىن ئاجراپ ئىشىك ئەنسىز ئېچىلدى.
ئالتە توك ــ توك شوئار تووۋلاپ كىردى ئېتىلىپ،
ئورلەپ قۇيۇن، دەپتەر، كىتاپ بەرى چېچىلدى.
سورۇن تەلەت بىرى شۇ ئان چىقتى ئالدىغا،
بىرى ئۇنىڭ ئېيتارىنى سالدى يادىغا.

ــ "توۋا قىلماس بۇرژۇئاغا بۇيرۇق" ــ دىدى ئۇ،
ــ "بولدۇڭ ئۇلۇغ ئىنقىلاپتا قۇيرۇق" ــ دىدى ئۇ.

— ”ئىشنى توختات، شوبىشبەنگە تاپشۇردۇق سېنى،
ئىككى كۈنلۈك ئويلاش ۋاقتى بەردۇق“ — دىدى ئۇ.
بۇ تاپ بولمە بوشلۇغىدا غەۋغا ئاقاتتى،
شاۋقۇن غەزەپ پىلتىسىغا ئوتلار ياقاتتى.

يولسىزلىقتىن پولات ئاران باستى ئوزىنى،
”كاتتىۋاش“قا تىك قادىلىپ ئېيتتى سوزىنى.
— ”ئېيتىڭلارچۇ، بۇ ئىشىمدا، مەندە نە گۇنا،
مەقسەت پەقەت مول قىلماقتۇر گۇڭشې سۈيىنى.
ئۇنىڭ بۇ دەم كوكرەكلىرى ئورلەپ تۇراتتى،
بۇ هال يۇرەك قاتلىرىنى تىغدەك تىلاتتى.

— ”سەنچە تېخى ئىسيانچىغا ئوچلۇك قىلامسەن،
سېسىق نامىڭ، قىلمىشىڭنى بىلمەي يۇرەمسەن؟
ئاقلىنىشقا باشلاپ خەقنى، ئالداپ ئاممىنى،
خاتا يولغا ماڭغىنىڭنى سەزمەي يۇرەمسەن؟
پولاتجاننى يەكمەك ئاكا بەك تەس تۇيۇلدى،
ئىسقىرتتى - دە كاتتىۋاش، تەڭ دۇمباق ئۇرۇلدى.

تېخىنىڭ شۇندا بىلدى روشەن ئىشنىڭ تەكتىنى،
سوز باشلىدى تاغ مىسالى رۇسلاپ قەددىنى.
— ”قوللىرىڭدىن كەلگىنىنى مەيلى قىلغۇەر —
پۇكەلمەيسەن بىراق كۇچەپ شەمشات بەستىنى.“

بۇ سوز تامام پاش ئەتكەچكە نوچى قەستىنى،
ئىشقا سالدى ئاخىر ئۇلار ئىپلاس ۋاستىنى.

شىددەت بىلەن ئىككى-ئۇچى ئارقان چىقاردى،
چاڭگال سېلىپ پولاتجاننىڭ ئالدىغا باردى.
كوردى ئەمما كوز ئالدىدا قەددى ھەيۋەت تاغ،
قورقۇنچاقنىڭ قاچتى بىردىن ماغدۇر-ماجالى.
پولات بۇ چاغ قەھرىمانانە، تەمكىن تۇراتتى،
روجەك بىلەن ساي تەرەپكە مەغرۇر باقاتتى.

—"باغلا!"—دىدى، ئاچچىغىدىن تىترەپ كاتتىۋاش،
ئالدى چوماق، رەزىللىكتە بولدى ئۇزى باش.
خەرىتىگە قول ئۇزاتتى، ئەمما پولاتنىڭ—
بىلىگىگە ئارقان چۇشتى، باشلاندى باغلاش.
—"خەرىتىنى"—دىدى، پولات قولى باغلاندى،
تىلسىز دىلى پۇتمەس غەزەپ ئىلكىدە ياندى.

مانا ساڭا—دىدى نوچى تامغا يېپىشتى،
قالغانلىرى پولاتجاننى مەھكەم تۇتۇشتى.
خەرىتىنى سويىدى تامدىن، تاشلىدى يەرگە،
چەيلەپ-چەيلەپ شارت قىلدى-دە، ئوتنى يېقىشتى.
ئوتنى ياقتى غالىبانە كۇلدى كاتتىۋاش،
ئوتتىن گويا بىر كارامەت كوردى كاتتىۋاش.

— "ئاھ" دەۋەتتى پولات ئەجرى كويگەننى كورۇپ،
ئالغىنىدەك ئوز تېنىدىن بىر پارچە ئۈزۈپ.
"ئاھ" دەۋەتتى يالقۇن تامان ئىنتىلدى، بىراق —
غەۋغاچىلار ئۇنى سورەپ ئېپ كەتتى سۈرۈپ.
ئورتەنگىنى قەغەزمىدۇ ياكى يۈرەكمۇ؟
پولات ئۇچۇن ئازاپ بولماس ئۇندىن بولەكمۇ؟
. . . . . . . . . . . . .

— "ئاندىن كېيىن" — دىدى ئەخمەت تاشمەتكە قاراپ،
تاشمەت ئاكا بەردى مۇنۇ سوز بىرلە جاۋاپ.
— "دەل پەيتىدە بىرىپتىمەن مەنمۇ گۇڭشىغا،
ھەيران بولدۇم ئەنسىز چۇقان غەۋغانى ئاڭلاپ.
يۇگۇر — دىدىم، يۇگۇردۇم-دە، كىردىم بولۇمگە،
ئىشلار غەيرى، ئىشەنمەيلا قالدىم كوزۇمگە.

"شۇ ئەسنادا پولاتجاننى سورەپ چىقىشتى،
مېنى توستى، مەن ئېتىلدىم تىللاپ قىلىشتى.
كوردۇم شۇندا كويۇپ تۇرغان قەغەزنى بىردىن،
يۇرىگىمنىڭ قات-قاتلىرى شۇنچە ئېچىشتى.
دىدىم ئۇنى پولات تېخنىك سىزغان ئەمەسمۇ؟
كوپ ئەجرىنى ئاكا قۇربان قىلغان ئەمەسمۇ؟

www.uyghurkitap.com

ئۇچۇردۇم-دە ئۇتنى، ئۇنى قوينۇمغا سالدىم،
ئەتراپىمغا قاراپ-قاراپ كەينىمگە ياندىم.
شۇندىن بېرى ئۇتتى يىللار، قويچىمەن تاغدا،
بۇنى كورسەم پولاتجاننى يادىمغا ئالدىم.
ئوغلۇم، مانا مۇشۇ بولۇپ ئوتكەن كەچۇرمىش،
شۇندىن بۇيان باھار پەسلى كەلدى كېتىپ قىش.“

ئايدالادا يانار ئىدى گۇلخان گۇرۇلدەپ،
ياتار ئىدى تەبىەتمۇ ئۇيقۇدا ئۇگدەپ.
يىگىتلەرنىڭ كوكسى بۇ دەم تېنچسىز ئەمما،
چايقىلاتتى ھىسلىرىنىڭ دولقۇنى ئورلەپ.
كوتەردى-دە، خىياللاردىن بېشىنى غازى،
ئاستاغىنا سۇرتۇۋالدى يېشىنى غازى.

تېخنىك بۇ تاپ ئوز پىكرىگە بەرگەن ئىختىيار،
باقار ئىدى خەرىتىگە شۇنچە ئىنتىزار.
ئامان قالغان بىر بۇرجەكنى كوردى يېنىشلاپ،
بىردىن ئۇنىڭ چىرايىغا بولدى كۇلكە يار.
يىگىتلەر بۇ ئالامەتكە بولدى دىققەتنى،
”تېچ بول“—دىدى تاشمەت نوقۇپ غازى، ئەخمەتنى.

دىدى پولات ”تاشمەت ئاكا—رەھمەت سىز ئۇچۇن،
بەختىمىزگە بۇنى ساقلاپ كېپسىز بىز ئۇچۇن.

مانا مۇشۇ بۇرجىكىدە سانلار ساق ئىكەن،
بۇ ئاساسىنىڭ پايدىسى بار شەكسىز بىز ئۈچۈن.
تاشمەت قويچى شاتلاندى بۇ توھپىسى بىرلە،
يىگىتلەرمۇ تەبرىكلىدى كۆلكىسى بىرلە.

## ئالتىنچى باپ ئوتكەلگە ھۇجۇم

تۇنمۇ ھەسسە، كوكتە يۇلتۇز، چاقنايدۇ ھۇكەر،
پىل-پىل قىلىپ يەر يۈزىگە تاشلايدۇ نەزەر.
بىر بىرىگە دەيدۇ ھەتتا "كوردۇم كارامەت،
نىچۇن سايدا تا شۇ چاقنا ئوچمەيدۇ پەنەر؟"
ئەمما ھەيران ھۇكەر-يۇلتۇز بىلگەي قەيەردىن،
چوغدەك چىچەك كۇلمىشنى توكۇلگەن تەردىن.

چىراق ئەمەس كويگىنى، بۇ كويگەن يۇرەكلەر،
ئىجات ئاتلىق جانان ئىستەپ يانغان تىلەكلەر.
ئۇلار راستىن ئۇنتۇغانمۇ كىرپىك قىقىشنى،
ياق، ئۇيقۇغا ئەسىر بولماس بىزنىڭ زىرەكلەر.
نىچۇن تالسۇن كۇتكەن پەيتلەر كۇلۇپ باقاندا،
كوز ئالدىدا يار ۋىسالى قۇچاق ئاچقاندا.

قەلىمىنى سيادانغا قويدى-دە، تىخنىك،
ئەسنىۋالدى، قولدىن قاس چىقاردى ئەپلىك.

(ئادىتى بۇ) قايناقسۇنى كەلتۈردى غازى،
ئاق تابىلتىنى غۇرت-غۇرت قىلىپ يۇتتى-دە،
تېخنىك.
قۇتىچاقنى روبىرودا قويدى ئەخمەتنىڭ،
ئاڭا بىردىن ئاغدى ئۇيناق كوزى ئەخمەتنىڭ.

ئاغدى كوزى، كوردى ئۇندىن تال-تال دورىنى،
كوردى ئۇماق جىلۋە ئەيلەپ تۇرغان يارىنى.
چەكتى شۇندا ئىشتىياقنىڭ تاتلىق ھىسلىرى،
بىر يېقىملىق سەزگۇ بىلەن قەلبى تارىنى.
بۇ شىپاغا يارنىڭ قولى تەككەن ئەمەسمۇ؟
شۇ قول مەيلى شاخلىرىنى ئەككەن ئەمەسمۇ؟

ئاغدى كوزى، كوردى ئۇندىن تال-تال چىچەكنى،
چىچەكلىكتە ئۇز قوينىغا چۇشكەن بىلەكنى.
كوز ئالدىغا ئىختىيارسىز كەلدى تۇنۇگۇن،
كوردى ۋاپا ۋەدە قىلغان سادىق يۇرەكنى.
يىل ئوتتىمۇ، يىلمۇ ئەمەس ئوتتى پەقەت كۇن،
بۇ كۇن ئۇزاق تۇيۇلاركىن ئەخمەتكە نىچۇن؟

چۇنكى، يىگىت كورسە ئىدى ھەر كۇن يارىنى،
بىراق سايلىق توسار ئىدى ئايرىپ ئارىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

زۇمرەت ئېقىم ئاققۇزار ئۇ مەلىگە ئەمدى،
بەخش ئەيلەپ بۇ ئىش ئۈچۈن ئەخمەت بارىنى.
ئۇ چاغ ئېقىپ سۇ بىلەن تەڭ ئۇستەڭ بويلايدۇ،
ئەتە ـ ئاخشام يارى بىلەن بىللە ئوينايدۇ.....

"يالت" قىلىپ پولات ئاتا بىر كوز تاشلىدى،
كۈلۈپ قويدى، شۇندا قىزنىڭ چاخچاق باشلىدى.
ـــ "ۋاي ئۇكامەي، كوڭلۇڭ يەنە قاچتى مەلىگە،
سېغىندۇردى سېنى قىزنىڭ قىيغاچ قاشلىرى".
ـــ "ياقەي"ـــدىدى تىرنىغىنى كولىدى ئەخمەت،
قۇتىچاقتىن نەزىرىنى بۇرىدى ئەخمەت.

ـــ "بىلمەس دىمە قاناتلىنىپ ئۇچقان ئويۇڭنى،
تاقىتىڭ ـ تاق كورمەك ئۈچۈن ئايشەم گۈلۈڭنى.
پۇرسەت كېلەر، بولاي ساڭا تويدا توي بېشى،
ئاشۇ چاغدا جۇپ قىلارمىز تەنھا بويۇڭنى".
سوز ئورنىدا باقتى ئەخمەت مېھرىۋان كوزگە،
ھاياجاندا تىلى ئۇنىڭ كېلەمدۇ سوزگە.

قاھ ـ قاھ ئۇرۇپ كۈلدى غازى "جىم" دىدى تېخنىك،
تاشمەت ئاكا ئۇيقۇسىدىن غەم يىدى تېخنىك،
ساي تۇنىگە ھەۋەس بىلەن باقتى روجەكتىن،
زوقى بىلەن سوز يىپىنى ئۇلىدى تېخنىك.

گەپلىرىدىن ئاكىلارچە شەپقەت ياغاتتى،
بۇ مىجەزى يىگىتلەرگە بەكمۇ ياراپتتى.

"ئېخ، ئۇ چاغدا ساينىڭ نامى قالار ئاتاقتىن،
سەلمۇ، توپان بالاسىمۇ قاچالماس قاشتىن.
بۇندىن مىسلى قان تومۇردەك تارىسا ئوستەڭ،
تاغ كەينىدە كۆلەر جەننەت مىسالى راستىن.
توك سىملىرى نۇر تارقىتار مەلىگە-دۆيگە،
تەڭكەش بولۇپ ماشىنىلار كۆلەر شات كۈيگە.

شۇ چاغ ئالتۇن تاغ مىسالى خامان راستلايمىز،
ئايدىڭ-يورۇق باراڭلىقتا تويىنى باشلايمىز.
مويسىپىتلەر مەمنۇن بولۇپ قوش توي دېيىشەر،
ئەنە شۇ چاغ مەشرەپ بىلەن تويىنى قۇتلايمىز.
قېنى ئۇكا، بىر كۆلگىنە، كۆلگىنە تاتلىق،
شۇ توي ئۈچۈن بىزگە زورۇر نىمە قىلماقلىق؟"

— "ئىشلەش كېرەك!" — دېدى ئەخمەت بىردىن قىزىشىپ،
توي چاغلىرى كوز ئالدىدىن ئوتتى تىزىلىپ.
— "ئىشلەش كېرەك!" — دېدى غازى باتۇر قىياپەت،
— "توغرا!" — دېدى شۇندا پولات باشنى لىڭشىتىپ.

جىمجىت كېچە، كېچە قوينى جىمجىت ئەمەس، ياق!
بارار ھۇجۇم ئوتكەللەرگە، شىجائەت قايناق.

* * *

ئەتتىگەن! ئېخ، ئۇلۇغلۇقتا تاجى بىر كۈننىڭ،
كۈتكەن پەسلى مەۋجۇداتنىڭ، غۇنچىنىڭ — گۈلنىڭ.
پەيزى گويا بىر ئومۇرنىڭ قوۋناق چېغىدەك،
گۈزەللىكتە سەھنىسى ئۇ كۈيچى بۇلبۇلنىڭ.
ساپ سۈيگۈدىن بىشارەتتۇر خۇش بۇي ھاۋاسى،
شۇ ھاۋادىن ئالغان بىر دەم تەننىڭ داۋاسى.

ئەنە شۇنداق ئەتتىگەننىڭ بىرى، نۇر قۇياش —
لالىرەڭگە كۈمگەن ئېدىر، سايلارنى تۇتاش.
بېسىپ كېتەر شوخ كولكىلەر قۇشلار سازىنى،
بىر سادادىن ياڭراپ تۇرار بۇندا تاغۇ-تاش.
بىر سادا كىم، ھاياجانلىق دىلنىڭ ئۈنى ئۇ،
كوكنى قۇچقان شان-زەپەرنىڭ نەغمە-كۈيى ئۇ.

غەلىبە قىلدۇق دەيدۇ غازى شاتلىقتا پېتىپ،
سەكرەر بادام دوپپىسىنى ئاسمانغا ئېتىپ.
بىر بىرىنى تەبرىكلىشەر ئەخمەت ۋە پولات،
قۇچاقلىشار قوللىرىنى مەھكەم سىقىشىپ.

تاشمەت قويچى قىلدى تەييار تاڭشۇرۇپ ئاتنى،
مەلە تامان قامچىلاشقا ئۇچقۇر قاناتنى.

چۇلۋۇرىنى تۇتتى ئاتنىڭ دىدى ۋە غازى،
ـــ "خۇش خەۋەرنى يەتكۈزۈشكە مەن باراي زادى".
ـــ "مەنچۇ" ـــ دىدى ئەخمەت شۇندا كەسكىن ئاھاڭدا،
جىلە بولۇپ غازىنىڭ ئۇ ئالدىغا باردى.
ئىككى قولدا قالدى بۇ دەم تىزگىنى ئاتنىڭ،
سوز ـ ھوكمىنى كۇتەر ئىدى ھەركىم پولاتنىڭ.

كوردى پولات، قارىماققا ئاددى بۇ تالاش،
ئۇمت بىلەن كوز تىكەتتى ئەمما ئىككى ياش.
ئويلىدى ئۇ بۇدو لايىق ئەخمەتكە نوۋەت،
مۇمكىن ئاڭا دوختۇرخانا ئالدىدا توختاش.
ـــ "ئاتلان!" ـــ دىدى تىپخىنىك ئەخمەت كەتتى خوش
بولۇپ،
تىزگىنىنى ھەم بەردى ئاڭا غازى دومسۇيۇپ.

بىر قامچىدا ئۇچتى ئوقتەك مەلىگە بوز ئات،
كوتىرىلدى ئاق بۇلۇتتەك چاڭلار قاتمۇ ـ قات.
ـــ "ئۇچقىن يىگىت، خۇش خەۋەرمۇ ئۇچسۇن سەن
بىلەن"
دىدى يىگىت ئۇچقان ياققا كوز تاشلاپ پولات.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

زەپمۇ ئوتلۇق، ئىپتىخارلىق سوزلەر ئىدى بۇ،
ئەلگە ئارزۇ، ئىنتىزارلىق سوزلەر ئىدى بۇ.

* * *

بۇگۇن قايناق تاغ ئارىسى، ئادەم بۇندا جىق،
تاڭ قۇياشى نۇر بېرىدۇ توغلارغا قىنىق.
تىراكتورلار تەييار، مەزمۇت قوللاردا قورال،
تۇرار جەڭچى-باھادىرلار شەمشات كەبى تىك.
قوش بولاقنىڭ تاغ قازارى — پەرھاتلىرى بۇ،
جەڭ ئەۋجىگە ئىنتىلگۈچى جەڭ ئاتلىرى بۇ.

مۇدىر شۇندا كاناي بىلەن "دىققەت-تىچ" — دېدى،
بۇ منۇتلار تالاي يۇرەك كۇتكەن پەيت ئىدى.
داۋالغۇشتىن خالاس بولدى بىردىن كەڭ دېڭىز،
تاقەت قۇشى قانات قاقتى، پەرۋاز ئەيلىدى.
تۇردى شۇجى تاش ئۇستىگە چىقتى ئاشۇ چاغ،
توپىغا قاراپ سوزلىرىنى باشلىدى مۇنداغ:

— "بۇگۇن يەنە يېڭى جەڭگە قەدەم تاشلايمىز،
سايىنى توساپ سەل-قىيانغا ھۇجۇم باشلايمىز.
بولماق ئۇچۇن مول ھوسۇللۇق توھپىكار گۇڭشې،
ساپ تەر توكۇپ بۇندا ئوكيان-ئامبار ياسايمىز."

شۇجى تامان تىكىشكەنچە كوزنى ھەر كىشى،
تىمتاس تۇرۇپ ئاڭلار ئىدى سوزنى ھەر كىشى.

—"بىر كېڭەشنى سەمىڭلارغا سالاي خالايىق،
تۇنجى كەتمەن توپا تاشلاش ئۇچۇن كىم لايىق؟
كىم كوتەردى ئامبار ئۇچۇن مىڭ جىڭ ئېغىر يۇك،
كىم ئىشلىدى ئامبار ئۇچۇن كۇن-تۇن جاپالىق؟
جامائەتنىڭ ئېيتارىنى ئاڭلاپ كورەيلۇق،
دەڭلار قېنى، بۇ شەرەپنى كىمگە بېرەيلۇق؟"

كەڭ دېڭىزنىڭ شۇندا بىردىن شاۋقۇنى ئورلەپ،
سادا كەلدى توپ ئىچىدىن "بىزنىڭ پولات!" دەپ.
"بىزنىڭ پولات"
"تېخنىك پولات!"
"بىزنىڭ پولاتقا"
لايىق ئۇلغا توپا تاشلاش، لايىق شان-شەرەپ.
"بىزنىڭ پولات"—دەيتتى تاغلار يانغۇ بېرەتتى،
"تېخنىك پولات"—دەيتتى تاشلار تىلغا كىرەتتى.

ئېخ، يوق ئىكەن ئەلدىن ئوزگە ئادىل تارازا،
كورەر ئىكەن ئەلگە سادىق ئوغلاننى تازا.
نىچۇن ئۇلار پولات ئۇچۇن ياغدۇرار ھورمەت،
چۇنكى پولات قەلبىدىكى ئادىمى تۇرسا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى

ئەل ئوغلىغا ئەل دىلىدىن تاشارکەن ئالقىش،
چىن ئادەمگە چىن يۈرەكتىن ياغاركەن ئالقىش.

سەل قىزاردى تېخنىك ئاستا سوزگە كىرىشتى،
ــ "ئاما ماڭا بۇ شەرەپنى ئىنئام قىلىشتى.
مەنلا ئەمەس، ئولچەش ئىشى جەڭدە يىگىتلەر ــ
جاننى ئاتاپ، تەرلىرىنى تەقدىم ئېتىشتى.
يەنە بارغۇ تاشمەت ئاكا، ئايشەم قىزىمىز
دىمەك سايدا ھەممىمىزنىڭ قالدى ئىزىمىز."

ــ "دىمەك......"

ئۇنىڭ ئوك يېنىدا ئەخمەت كورۇندى،
غازىنىڭ ھەم ئۇستازىدىن قەلبى سۆيۈندى.
بولدى ھازىر ئايشەم بىلەن تاشمەت ئاكىمۇ،
شۇ مىنۇتتا مانا مۇنداق سوزلەر قىلىندى:
ــ "مىڭ ئاڭلىغان بىر كورگەنگە يەتمەس دەپتىكەن،
كوپتىن بېرى پولات تېخنىك بىللە بىز بىلەن.

بايا يۈرەك سوزىمىزنى ئېيتتى جامائەت،
سوزلىمەيمىز ئۇزاقلاردىن باشلاپ ھىكايەت.
شاگىرتلارنىڭ چىن دىلىدا بىرلا ئوتۇنۇش ــ
قېنى ئۇستام بۇ كەتمەنگە ئەيلەڭ مەرھەمەت!"

ئىككى قوللاپ ئاڭا كەتمەن تۇتـتى ئەخمەتجان،
باشلاپ بەردى شۇجى چاۋاك ـ ئالقىشنى شۇ ئان.

پولات بىردىن يەڭلىرىنى مەھكەم شىمايلاپ،
شاگىرتىنىڭ كەتمىنىنى ئالدى ئاۋايلاپ.
توغان ئۇچۇن كەستى لىنتا، سالدى ئۇل توپا،
يۈرەكلىرى ھاياجانىنىڭ ئىلكىدە يايراپ.
ئورلەر ئىدى ئالقىش بۇ تاپ تاغلار بېشىدىن،
تېخنىك كوزى نەمخوش ئىدى شاتلىق يېشىدىن.

* * *

بۇ يەر جەڭگاھ، ئاي ـ ھاي بەلەن جەڭنىڭ نەغمىسى،
تاغ قېزىشتا قىز ـ يىگىتلەر پەرھات ھەممىسى.
كوك قەھرىدە جەۋلان قىلۇر ئەۋجى مۇقامىنىڭ،
كوڭۈللەرنى مەپتۇن ئېتەر ئەمگەك پەدىسى.
ئوتنى يېقىپ شوخ يىگىتلەر تېزدىن موكىشەر،
گۇمبۇرلىتىپ ئىگىز تاغنى بەلدىن ئۇزىشەر.

تىراكتۇرلار تۇمشۇغىدا تاغنى تۇرتىشىپ
گۇرۇلدەيدۇ كوكۇش ـ كوكۇش ئىسلار پۇركىشىپ.
كۇزۇپىغا ماشىنىلار يۈكلىشىپ تاشنى.
تات ـ تات قىلىپ سىگنال بىرەر ئوقتەك ئوتىشىپ.

ھارۋىكەشلەر قامچا سىلكىپ تىز دەپ كېلىشەر،
پولات چىۋىق، سىمونتلارنى يوتكەپ كېلىشەر.

بىر تەرەپتە زەربىدارلار ئوستەڭ يارىدۇ،
زاكۇ ئۈچۈن چاسا-چاسا تاشلار قازىدۇ،
گۈمبۈرلىشىپ تەككەن پولات بازغان زەربىدىن،
تاش بېتىدە ۋال-ۋۇل قىلىپ ئوتلار يانىدۇ.
قىز-يىگىتلەر بىر بىرىگە سىنچاي تۇتۇشار،
قىزىق دىمەي ئىشتىھادا غۇرت-غۇرت يۇتۇشار.

ئەنە پولات شۇنچە خوشال ئىشلەپ يۈرىدۇ،
ئىش ئورنىنى كۈندە ھارماي نەچچە كېزىدۇ.
بىر قولىدا يوگەم مېتىر، بىرىدە قەغەز،
گاھ بۇ يەرنى، گاھ ئۇ يەرنى ئولچەپ كورىدۇ.
نەگە بارسا شۇ يەر قايناپ كۈلكە ئورلەيدۇ،
نوزۇك ئىشلار تەرتىۋىنى بىر-بىر سوزلەيدۇ.

ئەخمەت بىلەن غازى ئەنە قاشنىڭ بويىدا،
ئەس-يادى قاشنى پۇختا ئىشلەش كويىدا.
ياشلار ئۈچۈن مەسلىھەتكە تەييار ھەرقاچان،
تاۋلار ئەقىل شەمشىرىنى جەڭنىڭ ئوتىدا.
بۇندا ئىشلەر قىزلار ھەمدە، كەلدى پولاتمۇ،
تېچ دىگەن ئىشارەتنى بەردى پولاتمۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



چىقىپ كەلدى ئايشەم شۇ چاغ قاشىنىڭ ئۈستىگە،
سومكا ئېسىپ، توم چېچىنى تاشلاپ كوكسىگە.
ـــ "قاراڭ دوختۇر" ـــ دېدى ئاكا گۇلسۇم قىزىقچى،
سوز باشلىدى ھەر كىشىنى قىستاپ كۇلكىگە.
ـــ "مۇشۇ تاپتا مەنمۇ سىنى ئىزدەي دېگەنتىم،
سۇچى يىگىت ئەھۋالىدىن غەممۇ يىگەنتىم.

ـــ "ئەتىمالىم قىزىتمىسى ئورلەپ كەتتىمۇ،
يا تېنىگە تاسادىپىتىن بىر دەرت يەتتىمۇ.
قاپلاپ كەتتى يۈزلىرىگە بىردىن قىزىللىق،
جىمجىتلىقتا مايىل بولۇپ قالدى ئەپتىمۇ.
تىڭشاپ باققىن جېنىم دوستۇم تېزدىن يىگىتنى،
ئايرىمىسۇن بىر تاسادىپ بىزدىن يىگىتنى."

سومكىسىدىن تىڭشىغۇچنى ئالدى ـ دە، ئايشەم،
تىڭشاپ كوردى ئەمما ھەيران بولدى ـ دە، ئايشەم.
ـــ "ھەممە نورمال" ـــ دېدى بىردىن ئورلىدى كۇلكە،
پەقەت شۇ چاغ بۇ چاخچاقنى بىلدى ـ دە ئايشەم.
كۇلۇپ كەتتى شۇندا ئوزى ئوت ئالدى يۈزى،
ئوت ئالدىيۇ، كۇلكىگە ھەم جۇر بولدى ئوزى.

بىراق، گەپتىن قۇتۇلدۇرۇپ شۇ چاغ ئايشەمنى،
ياڭراپ لابا سايرىۋەتتى، چالدى "ئەجەم"نى.

چالدى، ئاندىن ئىشچانلارنى ئاتىدى بىر-بىر،
خەۋەر قىلدى ئىش سۈرئىتى ھەمدە رەقەمنى.
ھەممە بىردەك خۇش خەۋەرگە سالدى قۇلاقنى،
شاتلىق ھىسسى ئۇز قوينىغا تارتتى پولاتنى.

"زەربىدارلار تەشمە تېشىپ ئوتتى داۋاندىن،
بىر باراۋەر ئاشتى سۈپەت، سۈرئەت پىلاندىن.
بۈگۈن بىزگە شىەنۋېي يەنە ئەۋەتتى چېدۈي،
ھەپتە بۇرۇن پۈتەر دىمەك ئامبار قىياندىن.
بۇ كۈرەشتە يەنە رىكورت-پەللە ياراتتۇق،
يۈكسىلىشنىڭ تارىخىدىن يېڭى بەت ئاچتۇق......"

شۇ چاغ زەپەر شاتلىقىغا تولدى دىل پەۋەس،
تەنتەنىنىڭ شوخ كۈلكىسى قاينىدى بىر پەس.
ئۇز ئۇزىگە دىدى پولات ئىپتىخار بىرلە،
— "پاھ شۇ قەدەر تېزدۈر بىزدە پەللىگە ئۇرلەش!"
كوز ئالدىدا ئەتە ئەنە، تويماي باقتى ئۇ،
ھاياجاننىڭ ئاسمىنىدا قانات قاقتى ئۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## خاتىمە

## سۇدىكى جۇپ سايىلار

يەتتىنچى ئاي، ياز قۇياشى كوپ-كوك ھاۋادا،
يېلىنجايدۇ ياز ئاپتۇۋى تاغدا-دالادا.
زۇمرەت سۇيى ئۇپۇق ئارا كوككە يېقىپ لەۋ،
يالتىرايدۇ كۇمۇش ئوكيان ئالتۇن ۋادىدا.
سۇ ئاستىغا چوككەن تاغلار، چوققا-ئاراللار،
ئىگىز قاشتا سايە تاشلاپ يەلپۈنەر تاللار.

سۇ يۈزىدە جۇپ-جۇپ بولۇپ ئاققۇ ئۈزىشەر،
قانات قېقىپ تۇمشۇغىنى ئەركىن سۈركىشەر.
شوخلۇق قىلىپ بىر بىرىنى قوغلىشار بەزەن،
ئوز ئەكسىنى سۇدا كورۇپ يايراپ كېتىشەر.
ئاققۇ ئەمەس بۇندا يەنە قولۋاق كېلىدۇ،
قولۋاق بىلەن مانا بىر جۇپ ئامراق كېلىدۇ.

سۇ بېتىدە ئەكسى ئەنە چوغدەك رومالنىڭ،
رومال چەككەن چېھرى كۇلەر ساھىپجامالنىڭ.
سۇمبۇل چاچلار سۇ تەكتىدە تولغۇنار ئاستا،
ماگلىيىدا شوخ قوللىرى سەلكىن شامالنىڭ.

ئاققۇلار جۈپ، گۈزەل ھەمدە جۈپسىز بولامدۇ،
گۈل شېخىغا بۇلبۇل كېلىپ قونماي قالامدۇ؟

سۇدا يەنە كېلىشكەن قامەت كۆرۈندى،
سايە قولۋاق گىرۋىگىدىن ئاتا سۈرۈلدى.
گۈلشەن ئارا گۈلگە گويا قوندى كېپىنەك،
كۈلدى ئاققۇ، كۈلدى سايە، دىللار سۆيۈندى.
لىپ-لىپ قىلىپ ئۇلار تامان دولقۇن تارالدى،
جۈپ سايە ھەم قوللىرىغا پالاقنى ئالدى.

بۇلار تامان كەلگىنى ھەم قولۋاق ئىدى ئۇ،
قولۋاقتىكى ئورتا ياشلىق قوشماق ئىدى ئۇ.
يانلىرىدا بىر جۈپ غۇنچە—بىر جۈپ پىرونېر،
بۇ سەيلىگاھ سەيلىسىنىڭ ئامراقلىرى ئۇ.
كەلگەن ئۇلار موجىزاتنى ئاڭلاپ يىراقتىن،
ئىشچان سۈچى ئاتىسىنى يوقلاپ يىراقتىن.

ئۇلار شۇ دەم قىزىق-قىزىق چاخچاق قىلىشتى،
ساپ تەرىنىڭ ھوزۇرىدىن لەززەت ئېلىشتى.
شوخ باللار ئويناپ كەتتى قولۋاق ئاتلىشىپ،
كۆلكىلەردىن جۈپ ئاققۇلار ھەيران قېلىشتى.
ئۇلار شۇندا ئەتراپىغا سالدى نىگاھنى،
كېلەر ئىدى جۈپ-جۈپ كىشى تاشلاپ پالاقنى.

كەلدى ئۇلار، سۇ ئۇستىدە مەيدان تۈزۈلدى،
كوكرەكلىرى چوغدەك قىزىل گۈلگە كومۇلدى.
بىرى ئەنە ئۇزاقلارغا قىلدى ئىشارە،
يەنە يېڭى مەنزىل ئۇچۇن مەيدان كورۈندى.
پاھ شۇ قەدەر شات كىشلەر، قايناق ھايات بۇ،
سەپ بېشىدا ماڭغىنى دەل بىزنىڭ پولات ئۇ.

1979 ـ يىل ئاپرېل، ئۇرۇمچى.

# گۈلزۇپەر

ئىگىز ـ ئىگىز تاغلار بېشىدا،
ھەيۋەت قىيا، ھاڭلار قېشىدا.
شۇنچە كوركەم گۈللەيدۇ زۇپەر
يىلتىزلىرى تاشلار قېتىدا.

مەيلى مولدۇر، يامغۇر تامچىلاپ
گىيالارنى ئوتسۇن قامچىلاپ.
ۋە يا ھۇلاپ كەچكۈز شامىلى
قار ـ مۇز بىلەن كومۇلسۇن ئەتراپ.

زۇپەر گۈلى سولمايدۇ بىراق
بەستى مەزمۇت، رەڭگى شۇنچە پاك.
گۈزەللىكتە ھوسنى يىگانە،
شىپالىقتا نامى مىڭ قوشاق.....

*   *   *

زۇپەر ئۇسكەن تاغنىڭ باغرىدا،
گۈزەل مۇنبەت ـ رەڭدار دالىدا.
بوستان دادۇي بوستان مەكتۇۋى
تۇرار مەغرۇر گۈلشەن قوينىدا.

چۈش مەزگىلى —
سىنىپتا جىمجىت
ئاڭلىماقتا باللار تەلىم.
ئىلىم ـ ھىكمەت غەزىنىسىدىن
ئۈنچە چاچار قادىر مۇئەللىم.

سوزلەر ئىدى مۇئەللىم قىزغىن،
قىز ـ ئوغۇللار سالاتتى قۇلاق.
خەيىرلىشىپ ماڭدى مۇئەللىم
جىرىڭلىغان چاغدا قوڭغۇراق.

زىل كۆلكىلەر ياڭرىدى بىردىن
سايرىغاندەك تالاي شوخ بۇلبۇل.
بوخچىسىنى ئاسقان بالىلار
دەرۋازىغا يول ئالدى ئۇدۇل.

باتۇرجانمۇ تاشلاپ ئالدىراش
پارتىسىغا دەپتەر ـ قەلەمنى.
كىملەرگىدۇ قىلدى ئىشارەت
ئىشىك تامان تاشلاپ قەدەمنى.

ئولتۇراتتى بۇ چاغ گۈلزۇپەر
بار زېھنىنى جەملەپ پارتىدا.
قوشۇمىسى تۈرۈلگەن مەھكەم
قەلەم قولدا، دەپتەر ئالدىدا.

ئەقىل نۇرى چاقنايتتى ئۇنىڭ
قارا ـ قارا بىر جۈپ كوزىدىن.
تاپشۇرۇقنا ئىزدەيتتى جاۋاپ
تەپەككۇرنىڭ چوڭقۇر تېگىدىن.

ئىزدىنەتتى ھەر كۈنى شۇنداق
قويماس ئىدى ئىشنى ئەتىگە.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرېسى

مەرىپەتتىن شەرۋەت ئوتلىماق
ئىشقى ئۇنىڭ چۇشكەچ قەلبىگە.

كوتەرگەندە بىشنى زۇپەر
باتۇرجاننى كوردى ئالدىدا.
دىدى زۇپەر "قانداق سوزىڭىز —
بار ئىدىكىن، ئىيتىڭچۇ ماڭا؟"

"موماm ئىدى ئويدە كىسەلچان
بەرمەكچىدىم دورا ئىپ كىلىپ.
تاپشۇرۇقمۇ قىپ قالدى چالا
نوۋەتچىلىك قاپتۇ تاقشىپ."

"بىرىلىڭ" — دىدى ئاڭا گۇلزۇپەر
"شىپا تاپسۇن ئايشەمخان موماي.
تاپشۇرۇقنى ئىشلەڭ سەھەردە
مەنمۇ سىزگە ياردەمچى بولاي."

چىقىپ كەتتى ئوقتەك ئىشكتىن
خوشاللىقتا چومۇلۇپ باتۇر.
دەريا تامان يۇگۇردى بىر توپ
ھەمراسىغا قوشۇلۇپ باتۇر.

باتۇر كەتتى، ئەمما گۇلزۇپەر
ئىشلەپ ئىنشا پۈتكەنگە قەدەر.
سۈيۈرگىنى ئالدى قولىغا
باتۇر ئۈچۈن توكمەككە ساپ تەر.

* * *

ھوسنى ئۈزدۈر جەننەت مىسالى
گۈزەل بوستان گۈللەر ۋادىسى.
قوينى كەڭرى، كوركەم شۇ قەدەر
بۇك-باراقسان باغلار ئارىسى.

كۈمۈش دوپپا كىيگەن چوققىلار
بېغىشلايدۇ ۋادىغا سولەت.
ئۈپۈق بىلەن سۈيۈشەر چەكسىز
مايسا تولغان ئېتىزلار رەت-رەت.

يالقۇنجايدۇ باش ياز ئاپتىۋى
نۇر ئىلكىدە چاقنايدۇ دالا.
ئېرىقلاردا ئوخچۇپ ئاقار سۇ
سۇ يۈزىدە ئوينايدۇ شولا.

شاخ-شاخىدىن تاشلايدۇ سايە
بۇلۇت تاجلىق كۆجۈم سۆۋادان.

يوپۇرماقلار ئوينايدۇ ئۇسۇل
تاغ سەلكىنى سوققاندا لەرزان.

شۇ باراقسان يولدىن گۈلزۇپەر
زوققا تولۇپ يايراپ كېلىدۇ.
گۈل يېزىغا بېغىشلاپ ناخشا
بۇلبۇل كەبى سايراپ كېلىدۇ.

ئۇ كېلىدۇ، تال ـ تال چاچلىرى —
مەجنۇن تالدەك يەلپۈنەر شۇنچە.
ئون ئۈچ ياشلىق زىلۋا بەستىگە
گالستۇكى خوپ كېلەر شۇنچە.

كۈلەڭگىدىن لىپ ـ لىپ قىلسا نۇر
كۈلەر ئۇنىڭ گۈلدەك جامالى.
قېشى قۇندۇز دىخان قىزىنىڭ
مەگزى گويا بوستان ئانارى.

ئاققىنىچە شاتلىق ئېلكىدە
يەتتى زۇپەر دەريا لېۋىگە.
باقتى چوۋا ـ چاتقال ئېقىتىپ
غولداپ ئاققان دەريا سۈيىگە.

لاي سۇ دىمەك كەلكۈن بەلگىسى
كەلكۈن دىمەك قالغان يېقىنلاپ.
تۇرۇپ قىرغاق بويىدا تەنها
ئويغا چومدى قىزچاق ئاشۇ تاپ.

"كېلەلمىدى ئوقۇشقا بۈگۈن
كېسەل بىلەن پاتەم ساۋاقداش.
بەكمۇ زورۇر يوقلىغاچ ئۇنى
ئوتكەن دەرسنى دەرھال تولۇقلاش.

مەيلى ئەگەر ئۇلغايسىمۇ سۇ
مۇمكىن ئەمەس بۇ يولدىن قايتماق.
كۈن ئاتلاتماي ئوتكەن ساۋاقنى
يەتكۈزمەستىن قويمايمەن بىراق."

چۈنكى قىزنىڭ كۆلخان قەلبىدە
ئومۇم ئۇچۇن يانغان مۇھەببەت.
چاقناپ تۇرغان لېپ قېلىق ئۇلگىسى
بېرەر ئاڭا چەكسىز كۈچ ـ مەدەت.

زۇپەر ئەلا مەكتەپ قويىندا
ئەڭ مۇنەۋۋەر قىزنىڭ بىرى ئۇ.

ياخشى ئىشتا دۇيدە ھەممىنىڭ
چىن دىلىدىن سۈيگەن قىزى ئۇ.

بۇگۈن يەنە خىسلەت سوغىسى
ئېلىپ زۇپەر ماگدى يىراققا.
پاتەم ئۇچۇن ئوتكەن دەرسنى
تولۇقلاشنى داۋام قىلماققا.

تۇردى شۇ ئان روھلىنىپ زۇپەر
كوينىگىنى، پۇشقاقلىرىنى.
جەسۇرانە كىردى ئېقىنغا
مەھكەم بېسىپ ئاياقلىرىنى.

كەلگىنىدە قاشقا يېقىنلاپ
دولقۇنلارنىڭ باغرىنى يېرىپ.
كىممۇ بىلسۇن ئۇنىڭ ئايىغى
"غىرت" قىلدى-دە، كەتتى سىرىلىپ.

سىرىلدىيۇ، رۇسلانماققا ئۇ
تەمشەلگەندە سۇرتۇپ يۇزىنى.
ھەيۋەت دولقۇن قاپلان مىسالى
قىز ئۇستىگە ئاتتى ئوزىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قالدى زۇپەر دولقۇن ئاستىدا
ئىتائەتتىن قاچتى تېنىمۇ.
كۆۋەجىگەن قاتمۇ-قات ئوركەش
هوكىرەيتتى ئورلەپ تېخىمۇ.

بىراق قىزنى يوشۇرغان كەلكۈن
ئاقار ئىدى ئەنسىز گۈكىرەپ.
ئاقار ئىدى دەريادا چاتقال
گاهى چوكۇپ، گاهىدا ئورلەپ.

*　　*　　*

بىر بىرىگە مەهكەم كىرىشكەن
ئۇزۇن-ئۇزۇن كىرپىكى قىزنىڭ.
"لىپ" قىلىپلا ئېچىلدى ئاستا
بۇلاق كەبى كوزلىرى قىزنىڭ.

كورۇندى-دە، شۇندا كوك ئاسمان
ئوت-چوپ باسقان نۇرانە دالا.
قىز كوڭلىدىن كەچتى شۇ گۇمان
"ئويغاندىممۇ ئۇيقۇمدىن ۋە يا؟"

هەيرانلىقتا چومۇلۇپ قىزچاق
كوز تاشلىدى ئەتراپىغا هەم.

www.uyghurkitap.com

ئاڭلىناتتى دەريا شاۋقۇنى
ئاستى شېغىل، قۇملار يۈزى نەم......

زۇپەر دىمەك كوردى ئۆزىنى
بايام كەلگەن قىرغاقتا شۇ ئان.
كوز ئالدىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىش
"يالت" قىلىپ بولغاندا ئايان.

ئۇ ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇپ
تىرەجىدى تەمشەلدى بۇ دەم.
سېقىرايتتى پۇتكۇل تەنلىرى
ماغدۇرىدىن كەتكەن قولى ھەم.

بىراق بۇرچى كەلدى ئېسىگە
گالىستۇكقا چۇشكەندە كوزى.
ھورمەت بىلەن باققاندا ئاڭا
"لىپ" قىلدى ـ دە، ئوت ئالدى يۈزى.

"ياق" ـــ دېدى ئۇ ـــ "دولقۇن ھىچقاچان
توسالمايدۇ ئالدىمنى مېنىڭ.
توسالمايدۇ دەريا كەلكۈنى
گاڭ ئىرادە، ئەھدىمنى مېنىڭ."

تۇردى شۇندا ئورنىدىن زۇپەر
ماڭدى دەريا لېۋىنى بويلاپ.
ماڭدى كىچىك تەرەپكە قايتا
شۇنچە مەزمۇت قەدەملەر تاشلاپ.

ئۇ باراتتى، قەلبىدە غەيرەت
فونتان كەبى ئۇرغۇپ تاشاتتى.
كىسەل دوستى تۇرغان ئۇ قاتقا —
تاغ باغرىغا تويماي باقاتتى.

ئويلايتتى ئۇ "مەنمۇ مەكتەپتە
ئوقۇشۇمنى ئەلا ئوقۇسام.
ۋەتەن ئۈچۈن قابىل، يارامىلىق
جەڭچى بولسام، سەپكە قېتىلسام.

پاتەمنىمۇ ماڭسام يېتەكلەپ،
جۈپ گۈل بولۇپ بىللە ئېچىلساق.
كەلگۈسىنىڭ — پارلاق ئەتىنىڭ
قۇرغۇچىسى — ئىگىسى بولساق.

ئاشۇ گۈزەل ئارزۇ، كېلىچەك
ماڭا ئىلھام قۇدرەت ئەمەسمۇ؟

بۇ مەقسەتتە چەكسەم گەر جاپا
ماڭا بەخت، راھەت ئەمەسمۇ؟“

ئويلىغانچە بۇنى گۈلزۇپەر
جىلۋە قىلدى كۆلكە يۈزىدە.
بارار ئىدى ئاغرىقنى ئۇنتۇپ
ئوز بۇرچىنى ساقلاپ ئېسىدە.

كەلدى يەنە كىچىككە قىزچاق
دولقۇنلارغا تىكىلدى قايتا.
ئاشۇ قاينام ئىرغىتتى يەنە
ئوركەشلەرنى قىزنىڭ بېشىغا.

* * *

شۇنچە كوركەم، شۇنچە تۈز ـ تەكشى
تاغ باغرىغا باش قويغان سالا.
بىر بېشىدا ياپ ـ يېشىل قىرغاق
سالا بىلەن ياندىشار دەريا.

بۇ بىر ئەگىم ـــ دەريا قولتۇغى،
ئاقار ئېقىم بۇندىن ئايلىنىپ.
يېقىندىراق توختام سۇ بىلەن
تولغان كولچەك تۇرار ئايرىلىپ.

شۇ كولچەكتە لەشكە كومۇلۇپ
توغرا ياتار قاشتا قورام تاش.
سۇنى سۈيگەن بىر ئۇچى ئۇنىڭ
تەڭ يېرىمى قىرغاققا تۇتاش.

ئەنە ئاشۇ تاشنىڭ ئۇستىدە
قارماق تاشلاپ ئولتۇرار باتۇر.
جەملەپ جىمى ئەقلۇ-زېھننى
لەيلىگۇچكە كوز تىكەر باتۇر.

تۇرار ئۇنىڭ ئەتراپىدا تېچ
ئالتە-يەتتە ئۇلپىتى تەييار،
بەزىسىنىڭ قولىدا يەمچۇك
بەزىسىدە قارماق. چىلەك بار.

ئوتتى ۋاقىت، ھەتتا بېلىجان
ئېلىنمايتتى قارماققا بىراق.
خىجىل بولدى باتۇر ئولجىسىز
بۇندىن قۇرۇق قايتماققا بىراق.

شۇ چاغ لىك-لىك قىلدى لەيلىگۈچ
دىققىتىنى جەملىدى باتۇر.

ئۆلجىسىنى قاچۇرماسقا ھېچ
ئۇلپەتلەرگە "جىم"ــ دېدى، باتۇر.

"چولتۇك"ــ قىلدى بىردىن يېراقتا
كەلدى يامراپ دولقۇن چەمبىرى.
بۇ شەپىدىن غەش بولدى باتۇر
دولقۇن بويلاپ ئاغدى نەزىرى.

ھەيران بولدى باققىنىدا ئۇ
ئون بەش قەدەم يىراقتا بىردىن.
شۇ چاغ ھالسىز گەۋدە سۇ كېچىپ
تاشلانغاندا قىرغاققا بىردىن.

"كىم ئۇ"ــ دېدى، باتۇر "ئىشىمغا ــ
جۈرئەت قىلغان شەپە سالغىلى."
"كىم ئۇ "ــ دېدى سەپراسى ئۆرلەپ
قىرغاق تامان ماڭدى كورگىلى.

سۇ بويىدا ــ بۇندا گۈلزۇپەر
ياتار ئىدى ھۇشسىز سوزۇلۇپ.
ئەگنى ئۇنىڭ تىتىلغان بەزەن
قان ئىزلىرى تۇرار داغ بولۇپ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىرى ئادرېسى

كورگىنىدە گۈلزۇپەر قىزنى
بۇ ھالەتتىن تاڭ قالدى باتۇر.
شۇ ئان تاشلاپ قارماقنى تېزدىن
قىز يېنىغا تىزلاندى باتۇر.

كەلدى يۈگرەپ تەشۋىش ئىلكىدە
تاش ئۈستىدە تۇرغانلارمۇ ھەم.
چاقىرىشتى زۇپەرنى ھەممە
بەزىسىنىڭ كوزلىرىدە نەم......

مانا زۇپەر ئاچتى كوزىنى
يۈگرەپ مەسۇم چېھرىگە كۈلكە.
تۇرماق بولدى ئورنىدىن ئەمما
ئېغىر ئىدى تەنلىرى شۇنچە.

ساۋاقداشلار ئولاشتى شۇندا
گۈلزۇپەرنى كەلدى يولەشكە.
خەۋەر بەرمەك ئۈچۈن دوختۇرغا
باتۇر تەييار بولدى يۈگرەشكە.

بىراق زۇپەر دىدى—"ھىچ گەپ يوق،
قاتتىق ئەمەس ئاغرىقىم ئۇنچە.

رەھمەت سىزگە ساۋاقداش ئەمدى
ماگاي پاتەم تۇرۇشلۇق دۈيگە.“

”ياق“ — دىدى ـ دە، تۇرسۇن ئالدىراپ
”بۇ ھالەتتە تۇرماق ئاسانمۇ؟
ئاغرىق تۇگۇل ساپ ـ ساق كىشىگە
يىراق يەرگە بارماق ئاسانمۇ؟“

كۇلدى زۇپەر تۇرسۇنغا ھەمدە
باللارغا ئېيتتى جاۋابەن.
”پىونېرلىق بۇرچۇم ئەمەسمۇ
پاتەم ئۇچۇن چەكسەم جاپا مەن؟“

ئاڭلىغاندا باتۇر بۇ سوزنى
يۈز ـ كوزىگە تەپتى قىزىللىق.
قىزنىڭ ئوتتەك قەلبى ئالدىدا
سەزدى شۇ ئان چەكسىز خىجىللىق.

ھاياجانغا چومۇلۇپ باتۇر
تۇردى جىمجىت قىزنىڭ ئالدىدا.
يالغان سوزلەپ قايتقىنىنى ئۇ
ئوز بويىنغا ئالغاندەك گويا.

كەلدى باتۇر، يىرتتى يېڭىنى
يارىسىنى تاڭدى زۇپەرنىڭ.
"باشلاڭ!" — دىدى، "پاتەم قېشىغا"
كوزلىرىگە باقتى زۇپەرنىڭ.

كوردى زۇپەر ئالدىدا جۇپ-جۇپ
ئوز كوزىگە تىكىلگەن كوزنى.
كوردى ئاشۇ كوزلەر نۇرىدىن
ئېيتىلمىغان تۇمەن مىڭ سوزنى.

"كەتتۇق!" — دىدى، گۇلزۇپەر كەسكىن،
ماڭدى بىر توپ ئوسمۇر سەپ بولۇپ.
كۇن نۇرىدا كورۇنەر كوركەم
گالىستۇكلار چوغدەك نۇرلۇنۇپ.

*        *        *

كەچكى شەپەق چاقنايدۇ گۇزەل،
گۇزەللىككە چومگەن كەڭ دالا.
تاغ ئارىسى — تاغلىق يېزا هەم
قىزىل تونغا پۇركەنگەن گويا.

بۇ يېزىدا جۇشقۇن هاياتنىڭ
شاۋقۇنلىرى قاينايدۇ بۇ دەم.

ئىشتىن قايتقان غالىپ مەرتلىنىڭ
كۆي ـ ناۋاسى ياڭرايدۇ بۇ دەم.

مانا شۇ چاغ قۇربان ئاكا ھەم
مۇرىسىگە كەتمەننى سىلىپ.
ئايخان بىلەن قايتىپ ئىتىزدىن
ھويلىسىغا كەلگەندە يېتىپ.

كوردى ئۇلار بۇندا بۇگۇنمۇ
پاتەم بىلەن زۇپەرنى بىللە.
ئەتراپىدا بىر توپ كىچىك دوست
يېزىشاتتى خەتلەرنى بىللە.

"ئاپا"ـــ دىدى، پاتەم شۇ ھامان
قارىشىدا قانداقتۇ مەنا.
"ئاتا"ـــ دىدى، گۇلزۇپەرنى ھەم
كوز قىرىدا قىلغاندەك ئىما.

"ۋاي!"ـــ دەۋەتتى ئايخان توساتتىن
تىڭشىنى كوردى زۇپەرنىڭ.
"ئاپلا"ـــ دىدى، قۇربان ئاكىمۇ
ھەم يېنىغا ئوتتى زۇپەرنىڭ.

سوزلەپ كەتتى بولغان ئىشنى ئۇ
باتۇر بىلەن بەس-بەسكە چۈشۈپ.
ھاياجانغا تولغان كوزىدىن
تارام-تارام ياشلارنى توكۈپ.

"دوستۇم بۈگۈن ئۇنتۇپ ئوزىنى
ئېلىپ كەلدى ئۇستاز مېھرىنى.
ئەقىل بەردى ئۇ يەتكۈزگەن دەرس
ئۇندەپ ئالغا ئورلەشكە مېنى.

چىقماس مېنىڭ ئېسىمدىن پەقەت
دوستلار ماڭا بەرگەن بۇ مەدەت.
ياخشى ئوقۇپ مەنمۇ بارىمنى
بېغىشلايمەن خەلقىمگە ئەبەت!"

"بەللى!"—دىدى، قۇربان ئاكا ھەم
ۋەدەڭ قىزىم بولدى جايىدا.
ئىككى ئېغىز سوزۇمنى مەنمۇ
ئېيتاي كىچىك دوستلار ئالدىدا.

باھار ئوخشاش كۈلگەن دەۋرىنىڭ
كېلىچىكى باغلىق سىلەرگە.
بەختىمىزنىڭ مەڭگۈگە گۈللەپ
ياشنىمىغى باغلىق سىلەرگە.

www.uyghurkitap.com

بۇ ئۇمىتنى ئاقلاش يولىدا
لېي فېڭ ئوخشاش خىسلەتكە تولۇپ.
كوپلەپ زۇپەر يېتىلسە بىزدىن
ئىلىم-پەندىن قۇدرەتكە تولۇپ.

كەلگۈسىدىن بىزمۇ خاتىرجەم،
شۇ نىشانغا قاراپ ئۇرلەڭلەر!
پارتىيىگە ئەگىشىپ يېقىن
ئېلىمىزنى گۈلگە پۈركەڭلەر!"

* * *

كەچكى شەپەق ئۇچكەن ھاۋادا
جامالىنى كورسەتكەندە ئاي.
چومۇپ سۇتتەك نۇرغا تەبىەت
زەپ چىرايلىق ئاچقاندا چىراي.

مانا بىر توپ لېي فېڭچە ئەۋلات
پاتەم بىلەن ماڭدى خوشلىشىپ.
ھاياجانغا چومگەن ئائىلە
گۈلزۇپەرنى قالدى ئۇزىتىپ.

1978 - يىل سېنتەبىر، ماناس.

# دوستۇمنىڭ خاتىرىسى

(داستان)

بىز ئىلىم ئەھلىنىڭ يوقىلىشىنى باشتىن كەچۈردۇق.

—ئومەر ھەييام.

«رىسالەئى جەۋھىرى. مۇقەددىمە»دىن.

## مۇقەددىمە

مەن كەبى ئەركەككە ياش توكمەك نىچۈن
ياش توكۈپ تولدۇردۇم قان-ياشلىق ۋاراق.
ھەسرەتتىن تورۇلۇپ ئوسكەن نىيەتنى
نە پايدا كوڭلۇمدە ساقلاشتىن ئۇزاق؟

سىز دەرسىز، يىگىتكە ياش توكمەك ئەيىپ
بىلىمەن، نامۇسى كوز ياش يىگىتنىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

ئېسىمدە، ئاتامنۇ ئېيتقان ئۇلۇغ‌كە
رازى بول ۋە ئەمما توكمە كوز يېشىڭ.

بىلىمەن، توكۇلەر كوز ياش چاناقتىن
يۈرەكنىڭ قاتلىرى مەنبەسى بىراق.
خوشلۇقتىن، قايغۇدىن كوز ياش توكۇشنى
بىلمىگەن تىرىكتىن مۇردا ياخشىراق.

بىلىڭكى، دوستۇمغا يىغلايمەن بۇگۇن
ۋە پەقەت كوز يېشىم دوستۇمغا ئەمەس.
بۇ سىزنىڭ دوستىڭىز ۋە ئۇنىڭ دوستى
نامىنى ياد ئەيلەپ ئالغان بىر نەپەس!

# بىرىنچى بولۇم

## بىرىنچى باپ 1976 ـ يىلى كۈز كۈنلىرىدە

كوڭلۇم غەش (كىچىچە كوردۇم يامان چۇش)
نە قىلاي چۇشۇمدىن رەنجىپ ـ ئاغرىنىپ.
يامان چۇش مەيلىغۇ، ئاندىن يامان كۈن
تۇرماملۇ ھەر مىنۇت ئالدىمغا كېلىپ.

شۇ كۈنلەر مەن ئىدىم ئىسيانغا قورول،
تېگى يوق خىياللار قىينايتتى مېنى.
ۋە ياكى ئەتىدىن كۈتكەن ئۈمىدىم
ئەگىشىپ سايىدەك ئالدايتتى مېنى.

كۈن ئۆتەر كۈنلەرنىڭ قىسمىتى ئوخشاش،
قىسمەتلەر ئىرۋامنى قوچۇپ ئۆتىدۇ.
ۋە بەزەن پىكرىمنى ئۈمىتسىز دۇنيا
چىللايدۇ، قوينىغا تارتىپ كېتىدۇ.

كىم بۇگۈن بۇ مېنىڭ ھالىمنى كورۇپ
بۇرۇنقى شوخ يىگىت ئەخمەت شۇ دىسۇن؟
بىلمەن مەن بەلكى دۇنيا سارىڭى
بىلمەن جىسمىم پاك، ئەقلىم ھەم پۈتۈن.

يادىمدا، داشۆيگە بارغان چاغلىرىم،
قۇمۇلنىڭ سەھراسى — نامرات يېزىدىن.
چامدىدىم ئىلىمنىڭ ئاشناسى بولۇپ
ئەمگەكچان ئەجداتىنىڭ باسقان ئىزىدىن.

يادىمدا، ئوقۇشۇم پۈتكەن كۈنلىرى
يۇرتۇمغا ئىنتىلىپ يايدىم قاناتنى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

ئەۋلاتنىڭ شەرەپلىك باغۋىنى بولدۇم،
باشلىدىم ئۇستازلىق جۇشقۇن ھاياتنى.

يادىمدا، بەش يىلچە ئۆتتى ئارىدىن،
يىلتىزسىز قامغاقتەك كەتتىم شامالغا.
گۇنايىم كەم ئىمىش مەندە سىياسى،
پالاندىم سەھراغا كەلدىم بۇ ياققا.

توزىدى يىگى ئۆي توزغاق مىسالى،
بىچارە گودەكلەر قالدى ئاتىسىز.
چېتىلدى گۇناسىز ئانىسى ھەمدە
شەھەردە قالدى مۇڭ-قايغۇسى چەكسىز.

مەن ئۇچۇن ۋەتەننىڭ ھەر يېرى ئوخشاش،
شۇ پاكىز نىيەتتە ئىشقا كىرىشتىم.
ياش ئەۋلات قەلبىگە تېرىپ پەن گۈلى
مول مېۋە بەرمەككە كۈن-تۈن تىرىشتىم.

ئاقىۋەت ياخشى ئىش تاپتى چاتاقنى،
بىلىمنى قوماندان قىلدى دېيىلدىم.
ھەيرانمەن شۇ چاقا چىددىي كۈرمىڭ
ئاھانەت، ھەتتاكى كالتەككە تېنىم......

ئەتىگەن، بىلمەيمەن كوڭلۇم نىچۇن غەش،
نە ئۇچۇن تومۇرۇم سالار ئىگىز - پەس؟
كىيىندىم بويتاقلىق ئادىتىم بىرلە،
ناشتىسىز سىنىپقا ماڭدىم شۇ نەپەس.

كىردىم - دە، كوز تاشلاپ چىقتىم ھەممىگە،
توتىنچى سىنىپقا ئوتتۇم ئىلىپبە.
(نە قىلاي ئەھۋال شۇ زامانىمۇ شۇنداق،
بۇ كۇنلەر كەسپىمنىڭ لازىمى كىمگە).

باشلىدىم دەرسنى، ئەمما ئارقىدا
بىر بالا دىققەتنى جەم قىلمايدۇ ھىچ.
دىدىم ۋە غەشلىكنى ملىڭ تەستە بىسىپ
"ئوتتۇنەي، ھەي ئۇكا ئولتۇرغىن تىنىچ!"

باللار جىم بولدى، ئىبرەت ئىلىشتى،
مەن سوزلەپ باراتتىم ئۇزمەي سوزۇمنى.
يەنە شۇ پارتىغا ئاغدى نەزىرىم،
تەرتىپسىز بالىغا سالدىم كوزۇمنى.

ئۇچراشتى كوزىمىز جىم بولدى بالا
نىمىدۇ قولىدا كوردۇم ئۇنىڭكى.

تولدىم "ئويۇنچۇق ئويناىسەن نىچۈن!"
ئاچچىغىم غۇچچىدە توتتى مېنىڭكى.

ئاستالا ئورنىدىن تۇردى ئەيىپكار
قەھرىمدىن ئۇيىلىپ قالدىغۇ دەيمەن.
ئىنتىلدىم ئالدىغا، بەردى ماڭا ئۇ
بىر يېشىل دەپتەرنى قورقۇنچ بىلەن.

قاچاندۇ بىر چاغدا يېپ-يېڭى دەپتەر،
بۈگۈنچۇ، مۇقاۋا سىرلىرى كۆچكەن.
قايغۇلۇق ھوسنىدەك سولغان چىچەكنىڭ
ئۈستىدىن جۈپ گۈلنىڭ سۈرىتى ئۆچكەن.

پۇرلەشكەن ۋاراقنىڭ بۇرجەكلىرى ھەم
جۈت ئارا جان بەرگەن ياپراق مىسالى.
بەندىدىن ئاجرىغان ۋاراقلار تامام
ئۈستىدە كىر-توپا يىللار ئازاۋى.

خورلانغان مەيىپكە ئاغرىنغاندەك ئىچ
دەپتەردىن تۇنجى بەت ئاچتىم ئاۋايلاپ.
كۆزلىرىم يۈگۈردى بىر چاغ بىر زامان،
گۈل چەككۈچ قەلەمنىڭ ئىزىنى بويلاپ.

ۋا ئەجەپ تونۇشلۇق خەتلەرغۇ ئۇزى
دىققىتىم جەم بولدى قۇرلار ئۈستىگە.
ۋە كوردۇم "سەرسانى" دىگەن بىر خەتنى،
سەرسانى؟ ۋە ھەيران قالدىم بىر پەسكە.

سەرسانى — بۇ مېنىڭ دوستۇم ئەمەسمۇ؟
سەرسانى — تەخەللۇس باتۇر ئەمەسمۇ؟
ھە مانا قۇر ئاستى تۇرسا دەلىللەپ
سەرسانى — بۇ بىزنىڭ شائىر ئەمەسمۇ؟

مىڭەمگە شۇ ھامان تولدى چىگىشلەر
چىگىشلەر ئۇزاققا ئىپ كەتتى مېنى.
يىللارنىڭ كەينىدىن كەچمىش كورۇندى
كەچمىشلەر ئۇزاققا ئىپ كەتتى مېنى.

## ئىككىنچى باپ سەرسانى

قويماققا سەكرەشتە پولاتتىن مارشال
ئادەملەر تىرمىشىپ يۈرگەن چاغلىرى.
ئاپەتلەر ئەۋجىگە چىققان چاغلىرىدىن
يادىمدا، توپ-توغرا بىر يىل ئىلگىرى.

www.uyghurkitap.com

شۇ كاتتا شەھەرگە كەلدىم ئۇزاقتىن،
شاتلىنىپ مەكتۇپىم قوينىغا كىردىم.
مەن ئەمەس، يۈز-يۈزلەپ بۇندا ئوغۇل-قىز،
كەلدىم ۋە شۇ جۇشقۇن سەپكە قېتىلدىم.

پاھ! مانا نەقەدەر ئىللىق چىرايلار،
بىر كۆرۈپ تونۇشتۇق، ئۆزمۇ بولۇشتۇق.
تارتىنىش ھىسسىنى يەڭدى يېقىنلىق
ھال-ئەھۋال سوراشتۇق، قولمۇ بېرىشتۇق.

بەش سەھەر، بەش ئاخشام ئۆتتى. بىلىنمەي
ئۈچ يۇرتلۇق ئۈچ بالا بولدۇق ياتاقداش.
پەيتىمۇ يەتكەندە تۇنجى دەرسنىڭ
سىنىپقا جەم بولدۇق ئوتتۇز ساۋاقداش.

ھە ئەنە كىرىپ قالدى خالىق مۇدىرىمۇ،
ئۇ ئىدى خۇش چىراي، سالماق، يېقىملىق.
چېچىدا مەزگىلسىز يىللار قىروسى
ئورتا بوي، يېشىمۇ كوپ بولسا قىرىق.

پارتىنى رەتلەشكە كىرىپ قالدى نوۋەت،
دەپتەرگە بىر قاراپ "ئەخمەت"، — دېدى ئۇ.

"بار!" ــ دىدىم، يېنىمغا سەپلەندى بىرى
پارتىداش دەل ئاشۇ باتۇر ئىدى ئۇ.

ئىچىمدە نە بالا بولدى دىدىم مەن،
جىملەندىم قولۇمنى ئاستا چىشلىدىم.
كوڭلۇمدە تۇغۇلغان بىر قىسما قاراش،
باتۇرنى تۇنجى رەت كورگەن چاغلىرىم.

بەش كۇنچە ياشىدۇق بىللە ياتاقتا،
ئېچىلىپ كۇلگەننى كورمەس ئىدىم مەن.
سورىساڭ ھە دەيتتى، بولمىسا كەم سوز،
تېگىگە چۇشىنىپ يەتمەس ئىدىم مەن.

تۇرۇلگەن ھەرقاچان كوتمەك قاشلىرى
قوشۇما ئۇستىدىن كەتمەيتتى ئەجىن.
توڭ دىسە توڭ ئەمەس، ياكى مورىمەس،
راست ئېيتسام ئۇنىڭدىن ئەيمەندىم لېكىن.

قاچانكى يوقلىشىپ يۇرسەك ئوغۇل ـ قىز،
ياتاقتا بىر ھازا چاخچاق بولاتتى.
قىزلارنىڭ گوزىلى بەرنا سەلىمەم
باتۇرغا ئاتايەن سوزمۇ قاتاتتى.

باتۇرچۇ، شەلپەردەك بىردىن قىزىرىپ،
كۆلمەيتتى ۋە ياكى لام-مىم دىمەيتتى.
بۇ ھالدىن ياپىرىم دەيتتىم ئىچىمدە،
يادىمغا ھەر تۈرلۈك.ئويلار كېلەتتى.

بۇ ئويلار ئازمىدى، ئەمدى سىنىپنىڭ
ئۆگىنىش باشلىغى باتۇرجان ئىدى.
باتۇرجان قىزاردى ئەمما مۇئەللىم—
ئۆگىنىش ھەققىدە سوزنى باشلىدى.

ياش يۈرەك قېتىدا جۇرئەت ئويغىتىپ،
ئىلھامنىڭ ئوتىنى ياقتى قىسقا سوز:
چۈشتۈق بىز دەرستىن، ئەمما كورگىنىم
ئەجەبا، بۇ مىنۇت غەمدىن يىراق كوز......

*　　　*　　　*

نىغمەتنىڭ قولىدا ئوينار چوتكىسى،
ھۈنەردە موزدۇزدىن زەررە كەم ئەمەس.
ھەر شەنبە كوڭلى ھىچ تاپمايتتى ئارام،
شىبلىتى ئۈستىدە قىلمىسا بەس-بەس.

—"بىر كېلەر ئالەمگە ئىنسان بالىسى،
بۇ تازا ۋاقتىدۇر ئويناپ كۈلۈشنىڭ.

سەن كەبى يىگىتكە نەدۇر پايدىسى
كىتاپتىن باش ئالماي ئۇگدەپ يۈرۈشنىڭ.

كەلگىنە باتۇرجان، كەلگىن”— دىدى ئۇ،
باتۇرمۇ كىتاپتىن ئالدى بېشىنى.
ياتاقداش ئالدىغا كەلدى مۇلايىم،
جىم تۇرۇپ نىغمەتنىڭ كۈتتى ئىشىنى.

پۇتۇڭغا كىيىپسەن چۇخەي ئۇكىجان،
ۋە بىراق بۇ قاششاق سەھرا ئەمەسقۇ؟
شىبلىتقا پۇل سورا خەت ياز ئاتاڭغا،
ئاتاڭدا بولمىسا، مەن بار ئەمەسمۇ؟

ئوزىنى ئېپ قاچتى ئاستا بۇرۇلۇپ،
كارۋاتقا يولىنىپ باتۇر بولدى جىم.
جىم بولدى، كوزلىرى تامغا قادالدى،
خىجالەت بولدىمۇ، غەممۇ بىلمىدىم.

شۇ ئاخشام ياتاقتا ئوچكەندە چىراق
ئىچۇندۇر ئۇيقۇمۇ كەلمىدى ئۇزاق.
بىلمەن باتۇرمۇ ئويغاق، خىيالى—
نەلەردە كېزەركىن، بىلمەيتتىم بىراق.

* * *

كوكمۇ ئاق (ھەممە ئاق) يەر يۈزى ئاپپاق،
بىنالار بېشىدا كۈمۈشرەڭ قالپاق.
ئاداققى دەم بىرلە ئۈگدىشەر گۈلزار،
ئاق لىباس ئاستىدا تىترىشەر ياپراق.

تەبىئەت قوينى جىم، سۈلتان سۈكۈنات
پاھ بۈگۈن تۇنجى قار پەيزى باشقىچە.
يول ئالدۇق ياتاقتا كەچتە سىنىپتىن
تۇمانلىق ھاۋادىن يۇتقاچ قانغىچە.

سوغمۇ بار يەتكىچە يوللار تېيىلغاق،
يۈگرەشتۇق قوللارنى سۈركەپ قولغا بىز.
توساتتىن گۈپ قىلدى يىقىلدى بىرى
بىر ھازا كۈلۈشتۇق، كەتتۇق ئالغا بىز.

ئۈچ كارۋات ئۈچىمىز تۇتقان ئۈچ ئۇگا،
كەلدۇق ـ تە. خالىغان ئىشقا تۇتۇندۇق.
ساز بولدى نىغمەتنىڭ قولىدا دۇتار،
ئالدىم مەن قولۇمغا دەپتەر ـ تاپشۇرۇق.

باتۇرنىڭ ئارتۇقچە سوزگە مەيلى يوق،
ياستۇغى ئۇستىگە يايدى كىتاپنى.
باشلىدى يىڭى قۇر دەپتەر بېتىگە
ئويلايتتى كىتاپتىن ئىزدەپ جاۋاپنى.

"ھە"ــدىــدى، نىغــمەتــجان ئۇزمەي نەزمــنى،
پەم بىلەن ئىشكنى چەككەندە بىرى.
چىچىنى بىر تۇزەپ چاچراپ تۇردى ئۇ،
كىرگەندە سەلىمەم ــ قىزلار گۇزىلى.

ئۇچەيلەن تىك تۇرۇپ قارشى ئېلىشتۇق،
ئوتىمەمىز ھە قېنى تورگە دېيىشتۇق.
كىم بىلسۇن بىر باغاق قولىدا قىزنىڭ
باتۇرغا بەرگەننى تويماي قېلىشتۇق.

قىز قاچتى، بىز بىلدۇق، قارلىق بۇ ئوزى،
قوغلىدۇق، قوغلاشتىن قالدۇق پايدىسىز.
يا ئاللا، شامالدەك قىزنىڭ يۇگرىشى،
قوغلاشتۇق، پەللىدىن ھالقىپ كەتتى قىز.

باغاقتا سوزۇلدى بىردىن ئالتە قول
پۇرلەشكەن قەغەزنى ئاچتۇق باشقىدىن.

باتۇرنىڭ نامىغا كەتكەن بۇ قارلىق،
شەرتىنى ئوقۇدۇق قۇرلار ئاستىدىن.

ئوقۇدۇق نىغمەتنىڭ تۇتتى غۇرۇرى
بىر بېقىپ باتۇرغا كۆلدى دىماقتا.
شەرتلەرنىڭ بىرىكەن قارلىق ھەققىدە
بىر شېئىر، گەپنى ئۇ بۇرىدى ئاستا.

"بىلمەيسىز دوستلۇرۇم قىزلار دىگەننى
ئالدىدا تىك تۇرۇش ئاددى گەپ ئەمەس.
كوڭلىنى ئالالماي ئولمەس شېئىردا
دۇدۇقلاپ قالغاندىن ئارتۇق ئولۇم بەس.

باتۇرجان، شېئىردىن سەنغۇ ساۋاتسىز،
ئارتۇقچە قىينالما، ئىشنى ماڭا قوي.
بۇ كەبى سورۇننى كوپ كورگەن ئاكاڭ،
مەن يازاي، كۆڭلىگە ياققۇدەك ئوقۇي."

جىلمايدى باتۇرغا نىغمەت ئاتايەن،
باتۇرنىڭ كوزلىرى بەردى جاۋاپنى.
رازىلىق دەپ بىلدى، نىغـمەت قەلەمنى —
چىشلىدى، باتۇرجان ئالدى كىتاپنى.



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېڭى ئادرېسى

*   *   *

يەكشەنبە، سىنىپداش، يۇرتداش قىز-ئوغۇل
كۈلكىسى تولدۇرغان بىزنىڭ ياتاقنى.
مېھمانلار ئالدىغا يايدىم-دە، گېزىت
خالتىنى ئاچتىم ۋە توكتۇم ياڭاقنى.

قانداقمۇ ھايدىسۇن تاتلىق مېغىزلار،
قارلىقنىڭ شەرتىنى كىمنىڭ ئېسىدىن.
كوزىدە قىلىشتى قىزلار ئىشارە،
چاخچاقنىڭ يېپىمۇ ئۈزۈلدى بىردىن.

باتۇرجان بۇ ھالنى بىلمەمدۇ بىراق،
تارتىنىش ئوتلىرى ئۆرتەيتتى ئۇنى.
شۇندىمۇ يولداشلىق مېھرى يامان-دە
يولداشلىق بۇيرۇغى ئۈندەيتتى ئۇنى.

ئۇ ئەمدى تەرىنى سۈرتكەن چېغىدا،
نىغمەتمۇ پۇرسەتنى بىلدى غەنىمەت.
(ئوزىنى كورسەتمەك بولغان كىشىگە
كەلمەيدۇ خالىغان چېغىدا پۇرسەت)

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

ئۇ تۇردى لىككىدە شۇنچە سىپايە
چىچىلغان چىچىنى قويدى بىر بىسىپ.
سورۇنغا ئاتالغان سولەت، كەيپى چاغ،
ئوقۇدى يىنىدىن دەپتەرنى ئېلىپ.

ئوقۇدى، بىر كوزى قىزلار تەرەپتە،
بەزىدە قىزلارمۇ پىخ-پىخ كۈلەتتى.
بويىندا بارماقتەك كوپسە تومۇرلار
ئۈزۈلمەس مىسرالار داۋام ئېتەتتى.

كوپ ئەمەس، بەش مىنۇت كەتتى شەرت ئۈچۈن
ۋە لېكىن بۇ شەرتكە كونمىدى ھېچكىم.
نىغمەتتىن ھەممىنىڭ پەرۋايى پەلەك
باتۇردىن كوزىنى ئۈزمىدى ھېچكىم.

كوز نۇرى ئۈمىتتۇر، كوز نۇرى رىغبەت،
ھە مانا باتۇرمۇ تۇردى ئاياققا.
ياڭرىدى ئۈنىڭ بوم، تەمكىن ئاۋازى،
گۈل قىزلار بىر ياقتا، كوزلەر بىر ياقتا.

## قارلىق

كەچكۈز پەسلى، بەرگى غازاڭ توكۈلگەن چاغ،
ياز قۇشلىرى يىراقلارغا ئۇچۇپ كەتكەن.

شۇنچە گۈزەل تەبىئەتنىڭ ھوسنى بۈگۈن،
تۇنجى قار! يەر ـ ساماغا تولۇپ كەتكەن.

كەلدىڭ قىزچاق، كۆلۈپقىنە بىر يېقىملىق،
كۆلۈپ كەلدىڭ، بەردىڭ باغاق قىچىپ ماڭدىڭ.
قارلىق!
چاقماق كەبى مەندىن شۇ ئوي كەچتى لېكىن
قوغلا ـــ دىدىڭ پەللىگىمۇ يېتىپ قالدىڭ.

شەرتىڭ ئۇچۇن مەندىن شېرىر تەقدىم ساڭا،
چاقىر دەپسەن يەنە تالاي مېھمانلىرىڭ.
كۈتۈپ تۇرغىن، بىر تال قەننى ئىككىمىز تەڭ
چىشلىگەن چاغ، شەرتى پۈتەر قارلىغىنىڭ.

مىسرالار كەينىگە ئالقىش ئۇلاندى،
ئالقىشتىن لەرزىگە كەلدى ياتاقىمۇ.
مىسرالار ئالدىدا بولغاندۇ خىجىل
ئېھتىمال نىغمەتمۇ، مايلىق ياڭاقمۇ.

## ئۇچىنچى باب ئۇ كىم ئىكەن

"ئېخ كەلسە ئاشىغىم كوكلەم مەزگىلى،
يۈرىگىم شۇنچىلىك يايراپ كېتىدۇ.

كوكلەمدە ئويغانغان نازۇك تەبىەت
ئىلھامىم تارىنى سازلاپ كېتىدۇ.

قويغىنا ئۇكىجان ئەبجەق كىتاپتىن
باھارنىڭ سەيلىسى ــ كەچلىگى ياخشى.
قويغىنا دەپتەرنى تاشلا كىتاپنى،
كوكلەمدە ئاخشامنىڭ پەيزىسى ياخشى.»

تۇرغۇزدى ئورنۇمدىن نىغمەت يىپىشقاق،
تۇرتكەنچە ھويلىغا ئىپ چىقتى مىنى.
راست، سەلكىن ئىسىدۇ، كوكمۇ تۇمانسىز،
تاۋۇشسىز ئۇزىدۇ ئاسمان يەلكىنى.

يېڭىلا تورەلگەن ياپراق، نوتىلار
ئوسۇشەر بەس ـ بەستە بوي سوزۇپ شاختىن.
يوللارنىڭ بويلىرى، ھويلا ـ باغچىلار،
بەستىگە تون كىيگەن چىمدىن ـ كوكاتتىن.

ھە مانا ئالدىمدا نىغمەت بارىدۇ،
گاھ توختاپ شوڭلاردىن ياپراق ئۈزىدۇ.
بەزىدە ئوت ئالسا ئىلھام پىلتىسى
كوكلەمنىڭ شەنىگە مىسرا تۇزىدۇ.



ـــ كىم، ـــ دېدى توساتتىن دوستۇم پىچىرلاپ،
شاخلارنىڭ كەينىگە ئالدى ئۆزىنى.
تېچ ـــ دېدى، يېنىغا تارتتى مېنىمۇ
ئۇ قىزىل بىنادىن ئۈزمەي كوزىنى.

سەپسالدىم، كوردۈم ۋە بىر جۈپ قارىنى،
تۈرماقتا گۈپتى-گۈي يولنىڭ بويىدا.
بىرىدىن بىرىنىڭ تۈرقى سەل ئىگىز
دەپتەرمۇ، كىتاپمۇ ئوينار قولىدا.

"ھە ئەنە بىرسىغۇ باتۇر بۇ ئېنىق،
بىرىچۇ؟" ـــ پىچىرلاپ نىغمەت سوزلىدى.
"سەلىمەم بولسىچۇ؟
ياق، ياق بولسا شۇ
ئاكاڭنىڭ ئالدىدا باتۇر نىمىدى؟!"

يېتىلەپ بارماقتا ئاستا مېنى ئۇ،
بولغۇسى غەۋغانىڭ چاغلاپ شاھىدى.
چىشلىرى رەشكتىن گۈچ-گۈچ قىلاتتى،
قىز تالاش جېڭىگە باغلاپ بېلىنى.

بىز ئەمدى كەينىدە بىر جۈپ سايىنىڭ،
سوز ئەمەس ئاڭلىنار ھەتتا تىنىقمۇ.

دەيمەن ۋە ھە مانا باشلىنار غەۋغا،
بولامدۇ بۇندىن بەك پىشكەلچىلىكمۇ.

ياق، ئۇلار يۇزلەندى بىردىن ئاي تامان
كوردىمۇ بىزنى يە "قارت" قىلدى يۇرەك.
ئىككىدىن بىرسىنىڭ باتۇرلۇغى راست
بىرىچۇ، ىىغمەتكە ئولاشتى تىترەك.

كورۇندى ئايدىڭدا بىزگە بەك ئېنىق،
سوزىدىن، تۇرقىدىن خالىق مۇئەللىم.
بىر كورسە بىزنى ئۇ، ئاپلا سەتچىلىك
نەگىمۇ قويارمەن بۇ يۇزنى دىدىم.

ىىغمەتمۇ ئېسىنى يوقاتقان ھوددەس،
تىنىغى بىلىنمەس، تۇرقى مىسلى بۇت.
شارت قىلىپ قاچامدۇق، بولمايدۇ بۇمۇ،
كۇتمەككە پۇتۇشتۇق بۇندا بەش مىنۇت.

ئاڭلىنار بەك ئېنىق باتۇرنىڭ سوزى،
"بىلىمدە مۇئەللىم مۇھتاج سىزگە مەن.
يوق گەرچە ئوز ئاتام ياكى ئوز ئانام
قانداقچە ئوزەمنى مىسكىن سېزىمەن."

www.uyghurkitap.com

باتۇرغا بۇرۇلدى بىردىن مۇئەللىم،
تۇتتى ۋە باتۇرنىڭ بىر جۈپ قولىنى.
"ئېيتقىنا بۇ ئاخشام باشلاپ نىمىشقا
بۇ قىزىل بىناغا ئېپ كەلدىم سىنى؟"

بىلمەيمەن دىگەندەك باتۇر ئۈندىمەي
بېشىنى ئەگدى ـ دە، چايقىدى ئاستا.
ئۇھ تارتتى مۇئەللىم ئايىغا بىر قاراپ،
سەل توختاپ سوزىنى باشلىدى ئاستا.

"ئون توققۇز، يىگىرمە يىللار مۇقەددەم،
تېپ ـ تىنىچ ئاخشىمى كوكلەم پەسلىنىڭ.
بۇ قىزىل بىنادا بىزلەر جەم ئىدۇق،
كوزىدە يالقۇنلۇق چاقناش ھەممىنىڭ.

سورۇندا ئاتاكمۇ بىللە بىز بىلەن،
باش ئىدى ساۋاقداش مەرھۇم مۇتەللىپ.
سوزلەشتۇق مۇقەددەس تۇپراق ھەققىدە،
غەزەپتىن زۇلمەتلىك تۈنگە ئوت ـ يېقىپ.

ئۇ چاغلار، يامرىغان دۇنيادا ئۇرۇش،
فاشىزىم گۇناسىز قانلار توكەتتى.

ئۇ چاغلار، ۋەتەندە ياپون تىرنىغى،
قامالى ئاستىدا ئوتلار كويەتــتى.

ئورتەنسە زۇلۇمدىن جانۇ-جىگەرى
ياشايدۇ كىم غەزەپ تاقەتنى بىــسىپ؟
هالاكەت ئالدىدا تۇرسا ئوز ئېلى
چىدايدۇ كىم جەڭگە كىرمەي جان تىكىپ؟

جان تىككەن جەڭچىگە جەڭگاهمۇ يېقىن،
قەلەمنى تىغ قىلىپ ئاچتۇق بىزمۇ سەپ.
مۇقەددەس قوشۇنغا يىغدۇق ئانە،
ئەۋەتتۇق يەنئەنگە بىزدىن سوغا دەپ.

يادىمدا، شۇ ئاخشام سورۇندا ئاتاڭ
قولىغا نەپرەتتىن ئالدى قەلەمنى.
ئادالەت ئۇنىنىڭ بولدى ۋەكىلى
ياق، سەپتە كوتىرىپ ماڭــدى ئەلەمنى.

زاللارنى تىترەتسە ئالقىش-چاۋاكلار،
سەهنىدە چارچىماس ئەرتىست ئىدى ئۇ.
ئادەملەر دېڭىزى چايقالغان بازار—
رەستىدە مۇنبەردە قالتىس ئىدى ئۇ.

كوپ ئوتمەي ئىلىدا ھورلۇك بايرىغى
باشلىدى ئازاتلىق ئوغلانلىرىنى.
بىپايان زىمىندا ھۇررا ساداسى،
گۇم قىلدى ئاسارەت قورغانلىرىنى.

ئاتاڭمۇ شۇ سەپتە بىر جەڭچى ئۇ چاغ،
قەلىمى ئۇپرىماس ئوتكۇر تىغ ئىدى.
ئىبلىسنىڭ ئوقىدىن تېنىدە تارتۇق
قالدىيۇ، بىر قېتىم تالدىم دىمىدى.

دەھشەتلىك ئوتلارنى كەچتۇق بىز بىراق،
ئالەمنى ئوڭشىلىپ كەتكەندۇ دىمە.
قانلارنى بىز توكتۇق قالدى شۇ پېتى
مىللەتنىڭ قايغۇسى بىز بىلەن بىللە.

ئاتاڭغا ئەڭ يېقىن سىرداش دوست ئىدىم،
ئۇ دىلدا بارىنى ئېيتتى بىر كۇنى.
’مەن ئولسەم سەن ھورلۇك پەسلىگە يەتسەڭ،
ئېيتقىنچۇ بايرامدا ئەسلەمسەن مېنى؟‘

— ’قويغىنا‘ — دىدىم مەن دوستۇمغا شۇ تاپ،
’جەڭدىمۇ - تويدىمۇ مەڭگۇ بىللە بىز.‘

ئۇرۇلدى ياتاقنىڭ ئىشىگى شۇندا
كۇتمىگەن چاتاقنى تۇيدى كوڭلىمىز.

ساقچىلار ئاتاڭنى ئېپ كەتتى بىراق —
ئىككىمىز بەخۇدۇك قولمۇ سىقىشتۇق.
ئاتاڭنىڭ كوزىدىن ئۇچمىدى كۇلكە،
خوشلاشتۇق مەنىلىك سوزمۇ قىلىشتۇق.

ئاتاڭمۇ قىستاققا ئەگمەي ئوتتى بوي،
كۇن ئوتتى كۇنلەرنى قوغلاپ ئوتتى ئاي.
پالىدى گومىنداڭ سەھراغا ئۇنى
ھىچ ئىلاج بولمىدى سەھراغا ماڭماي.

پالاندى دوستىمىز ئەمما ئۇنىڭدىن
مۇمكىنمۇ مەسلەكنى سۇرگۇن ئەيلىمەك؟
تاشلامدۇ ئۇ باشتا ئالغان قەلەمنى
مۇمكىنمۇ شەمشاتنىڭ قەددىنى ئەگمەك؟

ياڭرىدى ئوخشاشلا ساداسى ئۇنىڭ
سەرسانى ئۇنىڭغا بولدى تەخەللۇس.
جەڭگىۋار مىسرادىن كۇچكە تولاتتى،
مەكتەپتە زىيالى، تۇرمىدە مەھبۇس......“
. . . . . . . . . . . .

يۈرىكىم قېتىدا قانداقتۇ سىزىم
يېنىمدا نىغمەتمۇ قاپتۇ ئۇنتۇلۇپ.
ئاڭلايتتىم ھىكايە پىنھانىدا ئەمەس،
سىنىپتا تۇرغاندەك تەمكىن ئولتۇرۇپ.

"ئازاتلىق پەيتلىرى كەلدى، تاڭ نۇرى ـــ
تىيانشان بويىغا بەردى ھاياتلىق.
تاڭ ئۇچۇن جەڭ قىلغان جەڭچى بايرامدا
كوڭلىدە سەزمىسۇن نىمىشقا شاتلىق؟

بايرامدا جەم بولدۇق بىزمۇ شەھەردە
پەيزىنى سۇرۇشتۇق تويىنىڭ قانىغىچە.
ھەر كۇنى ئۇچرىشىپ قالاتتۇق دوستلار،
مەجلىستە، يا يولدا ئىشتىن يانغىچە.

ئاتاڭنىڭ ئىلھامى جانلاندى راسا،
پارتىيە، ئەل شەنى سايراتتى ئۇنى.
شۇ ساھە ئەھلىنىڭ بولدى سەركىسى،
پىشقەدەم، ياش بەرى ماختايتتى ئۇنى.

باشلىدى ئاخشامغا تاڭلارنى ئۇلاپ،
ئەجداتلار مىراسى ئۇستىدە تەتقىق.

تىرىشچان باغۋەننىڭ تەرى ـــ ئەجرىدىن
شاخ ـ شاخنىڭ گۈل ـ چېچەك ئاتمىغى تەھقىق.

بىلسەڭ گەر تەبىەت قانۇنى شۇنىداق
باغ خالاس بولمىغى تەستۇر شامالدىن.
قەدىمدىن ئىنسانىنىڭ كەچمىشى شۇنداق
مۇشكۇلدۇر يولنىڭ تۈز بولمىغى ئاندىن.

سېنىڭمۇ ئېھتىمال باردۇر ئېسىڭدە،
ئېچىلىش ـ سايراشتا ئوگچى ئايرىلدۇق.
ۋاپاغا جاپانى بۇيرۇدى قىسمەت،
كۈرەشنىڭ ـ تەنقىتنىڭ نىشانى بولدۇق.

مەن ئىدىم ئاتاڭدىن كىچىكرەك ئوگچى،
ئاتاڭنىڭ كورگىنى مېنىڭدىن بەتتەر.
بېشىغا كۈرەشتە بولدى مىڭ گۇنا
ئەزىزلاپ يازغىنى ـــ كىتاپ ۋە دەپتەر.

بىر كۈنى تاڭ كېچە قايتتىم كۈرەشتىن
تەنلىرىم جاراھەت، ھالىم تەڭ ئىدى.
توساتتىن ئىشىكنى قاققانىدا بىراۋ
ھەدەڭمۇ قورقۇپراق ئاستا "كىم" ـــ دىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

'مەن' ـــ دىدى، دالاندا بىر ياش كورۈندى،
بىر باغلام قەغەزنى بەردى ماڭا ئۇ.
ئۇ كەتتى بوخچىنىڭ ئۈستىدە بىر خەت
'ئەلۋىدا خالىقجان تەقدىم ساڭا بۇ.'

شۇ هامان قوللۇرۇم كويگەندەك بولۇپ،
'جىغ' قىلدى يۈرىگىم قالدىم مەن قېتىپ.
بۇ دىمەك ئۆزەمدىن قورقۇشمۇ ئەمەس،
ئوقۇدۇم ئەنە شۇ باغلامىنى ئېچىپ.

بىر باغاق، باغاقچە قاندىن پۈتۈلگەن،
'بۇ كىتاپ ـــ بىر ئۆمۈر مېھنەتمۇ مۇشۇ.
كەچۈرگىن خەلقىمدىن، سەندىن خىجىلمەن
ئەۋلاتتىن ئۆمىدىم ئەلۋەتتە مۇشۇ......'

مەن ئاچتىم كىتاپنى، دوستۇم ئەجرىدىن،
پۈتۈلگەن دەستۈرنى ئاۋايلاپ ئاچتىم.
هەر قۇرى ئالتۇندەك چاچتى نۇرىنى،
هەر قۇرغا هورمەتتە تىكىلدىم ـ باقتىم.

ئۇ ئىدى نەچچە مىڭ يىللار مۇقەددەم،
بوۋىلار قالدۇرغان مىراستىن تەتقىق.

ئەدىپلەر تارىخى، بايانلىرى ھەم،
تومۇلۇغى كەم ئەمەس، توغرا مىڭ بەتلىك.

شۈكرىكى، شۇ كىتاپ پۈتمەستىن تېخى،
شۇ كېچە ئىلكىمگە ئۆتتى سالامەت.
باغرىمغا ئاۋايلاپ باستىم ۋە ئۇنى
دوستۇمغا دىلىمدىن تاشتى مۇھەببەت.

ئارىدىن ئۆتمىدى ھەتتا بىر كېچە،
ئۆمرۈمنىڭ قايغۇلۇق چېغىنى كوردۇم.
سەرسانى — شۇ دوستۇم ئۆلدى كۈرەشتە
يامغۇردەك ياش توكتۇم. قايغۇغا چوكتۇم.“
. . . . . . . . . . . .

قوزغالدى ئۇلارنىڭ قەدىمى ئاستا،
باتۇرنىڭ كوزىدە كوردۇم گويا ياش.
ياش تولغان كوزۇمگە ھەتتا مېنىڭمۇ،
كورۇندى ئىككىيلەن ئايدىڭدا تۇتاش.

ئويلايتتىم، باتۇرجان ئەسلى كىم ئىكەن؟
ئەۋلادى ئەمەسمۇ باتۇر نەسلىنىڭ.

مەن جەزمەن، مەن جەزمەن
دەيتتىم ئىچىمدە
بۇ سەيلە نۇر قوشتى ئەقلىمگە مېنىڭ.

سوزلەيمۇ نىغمەتكە، سوزمۇ بىھاجەت
سوزلەشنىڭ پايدىسى ئەمدى قانچىلىك؟
ئالماشتى قەلبىمدە دوستلار ئورنىمۇ
مەن كەتتىم، قەدەمنى تاشلايتتىم تېتىك.

## توتىنچى باپ كېيىنكى يىللاردا

— "خۇش خەۋەر، خۇش خەۋەر!"
قولىدا ژورنال
سىنىپىغا كىرگەندە توۋلاپ سەلىمەم.
كوردىكى باللار ئولتۇرار جىمجىت
قالدى ۋە جايىدا توختاپ سەلىمەم.

سەلىمەم ئويلايتتى توشماي تەنەپپۇس
نىمشقا ۋاقىتسىز كىردى مۇئەللىم؟
— "ئولتۇرۇڭ، ھە قېنى ژورنالنى بېرىڭ"
دىدى-دە، قولىنى سوزدى مۇئەللىم.

سەلىمەم ئولتۇردى، غاپپار مۇدىرمۇ
ژورنالنى ۋاراقلاپ تېز-تېز كورەتتى.

كەلگەندە يېڭى سان ھەر قېتىم شۇنداق
خۇش خەۋەر بىر تونۇش نامنى كۆتەتتى.

ئۇ ئاچتى بىرقانچە ۋاراقنى ئەمما
ئاق ئىزلار قاپلىدى بۇرنى، يۈزىنى.
نائۈمىت قالدىمۇ تەھرىرىدىن ۋە يا
ژورنالدىن قاچۇردى ئاستا كوزىنى.

سەلىمەم بۇ ھالنى سەزمەمدۇ لېكىن
پارتىداش دوستىغا دەيتتى پىچىرلاپ.
"ھە قارا، ژورنالدىن غاپپار مۇئەللىم
باتۇرنىڭ شېىرىنى كورمەكتە بۇ تاپ."

سوزلىگەن ئېغىز بىر، ئەمما قۇلاق كوپ،
سىنىپقا تارالدى بىردىن بۇ خەۋەر.
ياشاپ كەت دىگىلى تاس قالـدىم مەنمۇ،
دىلىمدا شاتلىغىم ئاشتى شۇ قەدەر.

غەزەپتە جوزىنى چەكتى ـ دە، بىردىن
مۇنبەرنىڭ ئالدىغا كەلدى مۇئەللىم.
چىرايى تۇمانلىق كوكتەك تۇتۇلدى
دىققەتكە كوماندا بەردى مۇئەللىم.

"بىر شېئىر بېسىلسا غەۋغا كوتىرىش؟
بۇ دىمەك كورەڭلىك، ئوزى مەغرۇرلۇق،
دىققەتتە ئاڭلاڭلار كۇلۇشكە بالدۇر
سوزلەيمەن ئاخشامقى سايلام توغرۇلۇق.

ئىمزاسىز ئاۋازدا نىغمەت بەشتە ئۇچ،
ئۇگىنىش ئىشىغا نىغمەت قارايدۇ.
نىغمەتجان يۇرەكلىك، تەكتىمۇ ياخشى
كەمتەرلىك مىجەزى راستىن يارايدۇ."

"باتۇرچۇ؟ باتۇرچۇ؟" بۇندا دەتالاش
ۋە لېكىن چىقمايتتى ھىچكىمدىن جاۋاپ.
نىغمەتنى يېتىلەپ كەتتى مۇئەللىم
سوھبەتكە ئېپ كەتتى، قالدۇق بىز قاراپ.

* * *

ئوتتۇز كۇن مۇقەددەم ئاخىرقى دەرس
ۋەقەسى كىمنىڭمۇ چىقسۇن يادىدىن.
يېقىلغان چېغىدا خالىق مۇئەللىم
دوختۇرغا ئاپاردۇق مۇنبەر ئالدىدىن.

ئۇ قالدى دوختۇردا، غاپپار مۇئەللىم
ۋاقىتلىق مۇدىرى بولدى سىنىپنىڭ.

دەسلەپتە بىلىندى ئۆݣلۆق، تۆز كوݣۆل
ئۆسۆلى جايىدا، سوزلىرى چـىڭ ـ چىڭ.

ھە مانا بىر ئايمۆ ئوتمەي ئاردىن
ئىلىمگە زوقمەنلەر پەگادا ئىدى.
نىغمەتنى كوتەرسە مەيلىدى ئەمما
باتۆرنىڭ ئالدىدا نىغمەت نىمىدى؟
.............

ھە بايام نىمىشقا ئوتتى قىستۆرۆپ،
ئۆ تىبخى نىغمەتنىڭ ”تەكتى ياخشى“ دەپ.
بۆ جويلۆش ئەمەسمۆ ياكى قۆسۆمەت،
نىمدىن بىشارەت تەكتى دىگەن گەپ؟

ئىسىمدە، كىمدىندۆ ئاڭلىدىم بىر كۆن،
مۆئەللىم غاپپارنىڭ ”تەكتى“ ھەققىدە.
ھەركەتتە بۆنىڭدىن بەش يىل مۆقەددەم،
ئۆڭ كەلگەن تەلىيى ــ بەختى ھەققىدە.

ئەسلى ئۆ ئۆزىنى شوھرەت بابىدا
ساناركەن يىتىلگەن شائىر قاتارى.
ياشىسۆن سوزىدىن باشلاپ شىبىرنى
قەلەممۆ تەۋرىتىپ تۆراركەن بەزى.

قەلەمداش رەقىبى خالىق ئاكىدىن
كۈچ سىناپ باقـقانكەن تورنى تالىشـىپ.
ياقماسكەن باتۇرنىڭ ئاتىسى ھەمدە
يۈرەركەن ھەسەتنى ھەمرا ـ ئۈز بىلىپ.

پەيت كېپتۇ ئوكچىغا قارشى كۈرەشتە،
ئوت ئاپتۇ ئاداۋەت پىلتىسى بىردىن.
مەيداندا شوئارمۇ سوزمۇ شۇنىڭكى،
تەۋرەپتۇ ھەسەتنىڭ زىقچىسى بىردىن.

شېىرلار ئوقۇسا تىترەپ غەزەپتىن،
يوق ئىكەن ئۇنىڭچە جەڭگىۋار شائىر.
شىكايەت قىلاركەن ھوڭرەپ ياش توكۇپ،
سولچىكەن، ئوكچىسى يازغۇچى، كادىر.

نامراتنىڭ بالىسى بولغىنى بىنچەن،
ئورلەپتۇ سولچىلار سەردارى بولۇپ.
كىرىپتۇ پارتىيە قوينىغا ئاخىر،
ئوزگىنىڭ يېشىدا ئانكىت تولدۇرۇپ.

ياق، بىراق بۇ سوزگە قانداق ئىشىنەي،
باقتىم ـ دە، شۇ تاپتا ئايغا رۇجەكتىن.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگانە ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

مۇئەللىم — شانلىق نام،
غاپپارچۇ نىچۇن؟
تولۇن ئاي داغلاردىن خالى ئەمەسكىن؟

* * *

تاماقتىن قايتقان چاغ، ياتاققا كىلىپ
تاشلاندى باتۇرجان ئالدى كىتاپنى.
كوردۇم مەن شۇ هامان ئۇستىگە پولنىڭ
ۋاراقلار ئىچىدىن چۇشكەن لىپاپنى.

"ئال ئاۋۇ لىپاپنى"، — ئىيتتىم ئۇنىڭغا،
قولىنى ئۇزاتتى ئاستا ئالدى ئۇ.
هاۋارەڭ قەغەزنى ئالدى لىپاپتىن
قەغەزگە بەخۇدۇك كوزنى سالدى ئۇ.

كوز سالدى، هەيرانلىق ئولاشتى ئاڭا،
كوزىدە ئوينىدى بىردىن تەئەججۇپ.
تىترەيتتى قولىدا قەغەز - خەت يىنىك
يۇزىگە قىزىللىق تەپتى ئۇلغۇيۇپ.

هەيرانلىق شۇ مەهەل ئوتتى ماڭمۇ
ئويلايتتىم بۇ نامە قايدىن كەلدىكىن؟

باتۇرنى ھاياجان قوينىغا تارتقان
تىترەتكەن بۇ زادى قانداق خەت ئىكىن؟

ئالدىم ـ دە، خەتنى مەن تېز ـ تېز ئوقۇدۇم،
ھە مانا نىمىكەن بۇندا يېزىلغان!
سۆيگۈنىڭ يالقۇنلۇق مىسراسى بىلەن،
سەلىمەم نامىدىن گۈللەر تىزىلغان.
. . . . . . . . . . . . .

ـــ "ھە قېنى قىز ئۈچۈن قانداق جاۋاۋىڭ؟"
مەن دىدىم، باتۇرجان كۆلدى تۈنجى رەت.
ئىشكتىن شەپىسى كەلدى ئاياقنىڭ
گېپىمىز بولۇندى، كىرگەندە نىغمەت.

## بەشىنچى باپ ئايرىلىش

يۇلتۇزلار چاقنىغان يازنىڭ ئاخشىمى
يېنىمدا بىر دوستۇڭ بولغاندا ئەگەر.
شۇ كولنىڭ بويىنى بىر سەير ئەتسەڭ
سەيردىن يايرايدۇ كوڭلۇڭ شۇ قەدەر.

مەن بۈگۈن سەيلىدە يالغۇز مەن بىراق ـــ
رەنجىش يوق باتۇرنىڭ كەلمەسلىگىدىن.

رەنجىش يوق، مەنزىلگە ماڭغان يولچىنىڭ
ئاخشامنى بىكارغا بەرمەسلىگىدىن.

يالغۇزمەن، قاش بويلاپ ئاستا كېلىمەن،
دولقۇنلار سوزىنى ئاڭلاپ بارىمەن.
يىراقتا چوقچايغان تاغلار قامىتى
تاغلارغا كوز سېلىپ ئويلاپ قالىمەن.
. . . . . . . . . . . .

ئويلىرىم يىراقنى كەزمەكتە بىراق
دەرەخزار كەينىدىن كوردۇم بىرىنى.
تاقەتسىز قەدەملەر تاشلايدۇ بۇ دەم
كۇتەمدۇ دوستى يا سۇيگەن قىزىنى.

ھە ئەنە بىرەيلەن كەلدى قاش بىلەن
سىياقى بىر زىبا قىزدەك كورۇندى.
تاشلاردىن نېرىراق كەتسەمچۇ دىدىم
نە قىلاي دوستلارنى چوچۇتۇپ ئەمدى.

ھەي، تونۇش سوزلەرگە بولدۇممۇ ھىرىس
شەيتاننىڭ كەينىگە كىردىممۇ ۋە يا.
ئىشقىلىپ قوزغالغۇم كەلمىدى ھىچبىر
سوھبەتنىڭ شاھىدى بولدۇم خالىدا.

— "دىلبىرىم، بەك ئۇزاق ساقلاتتىڭ مېنى.»
— "ھە بايام رايىم يوق دىدىمغۇ سىزگە."
— "مەن سېنى،"
— "مەن سىزنى ساقلاڭ دىدىمۇ؟"
— "قورقامسەن، كىم قاراپ تۇرۇپتۇ بىزگە؟"

— "پارچە گەپ ئاڭلاشقا ھەپسىم يوق مېنىڭ
گېپىم بار دەيتتىڭىز، ئېيتىڭچۇ قېنى؟"
— "سەلىمەم ئېيتمىسام بولمىدى ئەندى
ئۇتتۇڭدا شۇنچىلىك قىينامسەن مېنى؟"

— "ئوش!"
— "ئوش دىمە، يۈرەكتىن چىققان سوزۇم بۇ،
سېنىڭدىن ئۆزگىنى سۆيسەم مەن ئولەي."
— "بۇ گەپلەر مەشەدە قالسۇن نىغمەتجان"
— "بۇ... بۇ... بۇ—"
— "خوش، بولدى ئەمدى مەن كېتەي"

— "بەش مىنۇت، بەش مىنۇت، توختاڭ گېپىم بار،
ئەقلىڭىز نەلەرگە كەتتى سەلىمەم؟
ۋە ياكى ئۆزگىگە بەرگەنسىز كوڭۇل؟"
— "نىم بوپتۇ ئۆزگىگە كوڭۇلنى بەرسەم؟!"



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ”ھە بىلدىم“
(نىغمەتنىڭ ئاۋازى قاتتىق)
قىزچاققا زورلۇقمۇ ئىشلىتەر بەلكىم.
دوستلۇقنى سىناشنىڭ كەسكىن پەيتى بۇ،
مەيلىلا، كەلگەننى كورەيچۇ دىدىم.

— ”ھە بىلدىم، باتۇرغا بەرگەنسىز كوڭۇل،
باتۇردەك نەرسىدىن پەرۋايىم نىمە؟!“
— ”تىلىڭىز تارتىلسا خوپمىكىن دەيمەن!“
— ”ئەتىنى ئويلاپراق سوزلەڭ سەلىمە!“

”كىملىگى بەش قولدەك بىزگە ئايانغۇ
ئوكچىنىڭ پۇشتىدىن تامغان يىتىمنىڭ.
كونىلىق پىشىگە ئىسلىغان قۇل ئۇ،
رەقىبى بىزدىكى ئىلغار تۇزۇمنىڭ.“

— ”جويلۇمەڭ“
— ”جويلۇشتىن يىراقمەن، ئەمما —
بىلىڭكى، تەقسىمات قالدى يىقىلاپ.
بىلىڭكى، ھەر ئىشتا غاپپار مۇئەللىم
نىغمەتنىڭ يىنىدا تۇرماقتا قوللاپ.“

— "شۇنداقمۇ؟"
— "ئۇنىڭدا گەپ يوق دېدىمغۇ،
يالغاننى سۆزلىسەم ھايۋان بوپ كېتەي."
— "ئېيتىڭچۇ، سىزنى كىم ھايۋان بول — دېدى
مەن كېتەي"
— "بىر مىنۇت توختاپ تۇرۇڭ ھەي......"

— "مەن كېتەي!"
ئېھتىمال كەتتى سەلىمەم
(باياتىن ئەتراپ جىم ۋە تىمتاس ئىدى.)
ئەمدىچۇ، چىرىلداپ بىر توپ تومۇزغا
ھىچ تىنۋىش - شەپىنى ئاڭلاتماس ئىدى.

* * *

ئەتراپى گۈلىستان، كوجۇم دەرەخزار
مىسالى قار رەڭلىك ئاپپاق بالىنىس.
ئالدىرار دوختۇرلار، سېستىرا قىزلار
ئاڭلانماس ئاياقتىن ئەمما ئۈن - تىنۋىش.

ھە مانا، بەشىمىز يەتتىنچى نومۇر
ئىشىگى ئالدىغا بارغان چېغىمىز.
تەشنالىق ئۇتىنى بېسىپ دوختۇردىن
رۇخسەتنى كۈتكەنچە تۇرغان چېغىمىز.

مۇدىرنىڭ ئاۋازى كەلدى ياتاقتىن
سوھبەتنىڭ قارشىسى دوختۇر ئىھتىمال.
سوھبەتكە قىزىقىپ سالدۇق قولاقنى،
دىققەتنى قولاققا جەم قىلىپ دەرھال.
. . . . . . . . . . . .

— "بولمايدۇ، بولمايدۇ يولداش مۇئەللىم،
پۈتمىدى سىزدىكى ئاغرىق يۈرەكتە.
مەكتەپنىڭ خىزمىتى خىزمەت بەرىبىر،
ساغلاملىق، ساقلىقنى ئويلاش كېرەكتە."

— "سىز قىلغان ئەجىردىن دوختۇر ئەپەندىم،
ئاغرىقىم ساقايدى، ساق بولدۇم مانا.
ئويلاڭچۇ، ياتسۇنمۇ بۇندا كوپ ئۇزاق
پەرزەندى ـ باغرىدىن ئايرىلغان ئاتا؟

— "بۇ كوڭلۇم ئىھتىمال سىزگە ئاياندۇر،
بالدۇرراق قايتۇرۇڭ بىر كۈن بولسىمۇ.
ئوتتۇلگەن دەرسنى لازىم تولۇقلاش،
ئاخىرقى كۇرستا كۈن ـ تۈن بولسىمۇ."

بىر مىنۇت توساتتىن جىم بولدى ياتاق،
ئاۋازى ئاياقنىڭ توك ـ توك قىلاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قەلبىمىز قېتىنىڭ خالىق مۇدىرغا
مۇھەببەت ـ ئىززىتى تاغدەك ئاشاتتى.

ــ "ھە مەيلى مۇئەللىم قايتىڭ سىزگە بۇ
ئىرادەم ھوكمىگە قارشى قوشۇلۇش.
ياق بۇكى چىداملىق كىسەلگە ئەمما
دوختۇرلۇق ئومرۇمدە تۇنجى يول قويۇش."

تەشەككۇر!
دوختۇرغا رەھمەت دىدۇق بىز
ئىشكنى ئاۋازسىز ئاچتۇق ئەدەپتە.
ئۇستازغا ئېگىلىپ بەردۇق سالامنى
قۇچاقلاپ بىر گەۋدە بولدۇق بىر پەسكە.

يۇلتۇزدەك ئايلىنىپ ماڭدۇق چورىدەپ
كويۇمچان ئاتىمىز ــ بۈيۈك ئادەمنى.
ئېخ، قانات بولسچۇ دەيتتۇق شۇ تاپتا
مەكتەپنىڭ يولىغا باستۇق قەدەمنى.

* * *

ئىچۇندۇ جىم بولدى ئىغمەت نەچچە كۈن،
تەس كەلدى بۇ دورەم بەلكى ئىمتىھان.

ئاخشاملىق سەيلىدە بىر ئۇزى يالغۇز،
ئوينايدۇ كوزىدە پۇتمەس مۇڭ-پىغان.

باتۇرجان سىنىپتا، نىغمەت ياتاقتا،
بۇگۇنمۇ جىمغىنە بىللە ئىككىمىز.
يازىدۇ نىمىدۇ سىرلىق قەلىمى
قەغەزلەر ئۇستىدە ئىشلەر تىنىمسىز.

بىر چاغدا ئىشىككە تەمشىلىپ قالدىم،
قانداقتۇ ئىش بىلەن ئوتتۇم يېنىدىن.
چوچۇدى ئۇ بىراق پۇكلەپ خېتىنى
يوشۇردى، قېنىمۇ قاچتى يۇزىدىن.

نىمىشقا نىغمەتتە بۇنچە ھودۇقۇش
نىمىشقا يۇرىگى پوك-پوك بۇنچىلىك؟
ھەيرانلىق ئىچىدە قالدىم تەمتىرەپ،
جۇرئەت يوق، كوزۇمگە باقماس نىچۇن تىك؟

ھە تېخى تۇنۇگۇن كىملەر بىلەن ئۇ
باتۇرنى كوچىلاپ يۇرگەن ئەمەسمۇ؟
كول بويى، ئاخشامدا، چۇجىنى كوزدە
سانايمىز دەپ ئېنىق ئېيتقان ئەمەسمۇ؟

www.uyghurkitap.com

*　*　*

ئۇتتۇز ياش ــ ئېھتىمال ئۇمرۇم چارىگى،
شۇ چاققا كۇرمىڭ ئىش ئۇتتى بېشىمدىن.
مەكتەپتىن ئەستىلىك بىر كۇن ــ خاتىرە
كەتمەيدۇ ھېچقاچان ئەمما ئېسىمدىن.

زال ئىچى ھەيۋەتلىك، سەھنىمۇ كوركەم،
سەھنىدىن پىلاكات تاشلىنار كوزگە.
بۇ دىمەك خۇلاسە يىللىق سىناقتىن،
چوغ كەبى بايراقلار ياراشقان تورگە.

يۇرىگىم دۇپۇلدەپ تىنمايدۇ بۇ دەم،
يەكۇندىن ئىچىمدە خامچوت سوقىمەن.
يامانمۇ ئەمەستى جاۋاۋىم ئەمما
شۇندىمۇ ھەي تاگەي، دەپلا قويىمەن.

باتۇرچۇ، تەھقىق ئۇ ئەلاچى بىراق
ئەۋلىيا ئەمەسمەن ئالدىن بىلگىلى.
دەر ئىدىم ئەقلىمىز قىلماس ھېچ نېسىپ،
دوست ـ دۇشمەن ئالدىدا رەسۋا بولغىلى.

يىغىنمۇ باشلاندى، ئىلمىي مۇدىرنىڭ
ئۇنىدىن ياڭرىدى بىردىن زال ئىچى.
توكۇلگەن بىر يىللىق ئەجرى ئۇستىدە
ئاڭلايتتى زىھنىنى جەملەپ ھەر كىشى.

نام، يەكۇن بىر-بىرلەپ ئوقۇپ ئوتۇلدى،
نىغمەتمۇ ۋە مەنمۇ ئەلنىڭ قاتارى.
باتۇردا تەپسىلى توختالدى مۇدىر،
باتۇرغا يوتكەلدى ھورمەت ئاۋازى.

—"ساۋاقداش باتۇرجان بەرگەن ئىمتىھان
ئوز كەسپى بويىچە ئەلا — بىرىنچى.
باتۇرجان تاپشۇرغان ئىلمىي ماقالا
دىققەتكە سازاۋەر، باردۇر قىممىتى.

كەلگۇسى ئۇمتىنىڭ يۇلتۇزلىرىدىن
ئۇستازلار نىمىشقا شەرەپ سەزمەيلى.
تەتقىقات ئىشىغا ھەممەيلەن ئۇنىڭ
ئىپتىخار ئىچىدە ئۇتۇق تىلەيلى!"

تەۋرىدى شۇ ھامان پۇتكۇل زال ئىچى
نەزىرى باتۇرغا ئاغدى ھەممىنىڭ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئۇستازۇ ـ ساۋاقداش ياگراتتى چاۋاك،
ئالقىشى باتۇرغا ياغدى ھەممىنىڭ.

دوستىنىڭ شاتلىغى ــ دوستىنىڭ شاتلىغى،
بۇ دىمەك دوستلۇقتىن ئاددى بىر ساۋات.
سەزگەندە ئۇزەمنى كوكتە ـ ئەرشتە،
ھاياجان كەپتىرىم قاققاندا قانات:

يا تووا، دەۋەتتىم ئاستا ئىچىمدە،
بىر كورۇپ ئىغمەتنىڭ مومدەك يۇزىنى.
يىغلامدۇ، كۇلەمدۇ بولمايتتى بىلىپ،
كۇلكىگە زورلايتتى ئەمما ئۇزىنى.

*　　*　　*

ئايرىلىش ــ بۇ سوزگە تەستۇر ئىشەنمەك،
دوست ـ ياران تۇققاندەك يۇرگەن چاغلىدا.
جاپانى تەڭ تارتىپ كەلگەن ھوزۇرنى
خوش ئىيتىپ، ئوتۇنۇپ ئوتكەن چاغلىدا.

ئايرىلىش ــ بۇ سوزنى مەنىمۇ بىلەتتىم،
ۋە نەچچە ئىيتىپمۇ كورگەنمەن بىراق.
ئايرىلىش پەيتلىرى كەلگەندە باشقا،
راست گىپىم، ھەركىمگە تەسكەن چىدىماق.

كوز يۇمۇپ ـ ئاچقىچە كەتتى بەش باھار
چوغ كەبى بىر دەۋر پەيتلىرى كەتتى.
سەپ بولۇپ ئوملۇكتە ئۇچقان تۇرنىنىڭ
يىگانە يول تۇتۇش پەيتلىرى يەتتى.

ھە مانا، قاچانكى مەكتەپ بىناسى
ئالدىغا ھەۋەستە باسقاندەك قەدەم.
كوك سىرلىق ئاپتوۋۇز پەشتاقلىرىدىن
بىر ئېغىر تىنىقتا ئورلەيتتىم بۇ دەم.

ئاپتوۋۇز ئەتراپى ئادەم دېڭىزى
دەرىزە تۇۋىدە باتۇر تۇراتتى.
ھە ئەنە مېھرىۋان خالىق مۇئەللىم
سوزۇلغان قوللارغا قوللار سوزاتتى.
. . . . . . . . . . . .

گۇر قىلدى ئاپتوۋۇز، ھەي ـــ دىـــدىم شۇندا،
تاقىتىم ئوت ئالدى قالماي موتوردىن.
نەزىرىم ئۇزۇلدى بىر پەسكە شۇ چاغ،
كوزلىرىم ياش بىلەن توسالدى بىردىن.

مەن كەتتىم يىراققا، قالدى جان دوستۇم،
قول سىلكىپ ئۇزىتىپ، مەكتەپ ئالدىدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

كوزلىرىم ئىلىمدىن گۇلخان ياسىغان
ئوتقاشتەك قىزارغان ھەيۋەت بىنادا.
. . . . . . . . . . . .

## ئىككىنچى بولۇم

### دوستۇمنىڭ خاتىرىسى

قارا دەيدۇ، قارا دەيدۇ
قارا مەندە يوق.
قارامۇقنىڭ قاسراغىدەك
گۇنا مەندە يوق.
— خەلق قوشىقى.

### كۈندىلىك خاتىرىگە كىرىش سوز

بىر ئومۇر ئولچىنەر يىل بىلەن، يىلمۇ
ئولچىنەر ئاي بىلەن، ئايلار كۈن بىلەن.
چولدىكى توگىدەك چامدىشىپ ئاستا
ئالمىشار بىر خىلدا تاڭلار تۈن بىلەن.

ۋە لېكىن، تەقدىرنىڭ ئارتىستلىرى شۇ
ئومرۇڭدە نى ئويۇن ئويناپ ئوتىدۇ.

بەزىبىر يىلىڭدا شاتلىغىڭ قات ـ قات،
ۋە بەزى يىلىڭدا بېشىڭدا قايغۇ.

ھە ئاشۇ قايغۇلۇق ياكى خوشاللىق
پەيتىڭدۇر خاتىرەڭ بېشىدا باش قۇر.
يازىسەن، بىر ئۇزەڭ ئوقۇيسەن خالاس،
قەلەمدىن ئۆزگە ھىچ مۇڭدىشىڭ يوقتۇر.

مەن قاچان مەكتەپتىن ئايرىلدىم شۇ چاغ،
يېڭىچە تۇرمۇشنى باشلىدىم شۇندىن.
توت پەسىل بىلىنمەي ئۆتتى ئالمىشىپ،
كۈنلىرىم ئىلىمگە سىرداش ئۇزۇندىن.

مۇشۇ ئاي كۈنلەرنى قانداق چۈشىنەي
كۈنۇ ـ تۈن بىر سوئال لەيلەر بېشىمدا.
داغدۇغا پىلتىسى ئالدى بىردىن ئوت
مەكتەپتە، زاۋۇتتا، ئېتىزدا غەۋغا.

بۇ پەيتلەر بوپ قالار بەلكى بىر دەۋر،
مەن ئەمەس، ئېھتىمال ھەركىم ئومرىدە.
نىملەر بولاركىن ھاياتتا ئاخىر،
باشلىدىم شۇ سەۋەپ سەھىپە ـ خاتىرە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## ئالتىنچى باپ سۈيىقەست ئالدىدا

شىسەننىڭ كەيمىگە چوكمەكتە قۇياش،
ئۇپۇقمۇ جىلۋىگەر قىزنىڭ لىۋىدەك.
گۈل رەڭلىك شەپەقنى قوغلايدۇ تۇمان،
تاغلارغا گۈگۈمدىن تاشلايدۇ ئىستەك.

رۇجەكنىڭ ئالدىدا تەنها مەن بۇ دەم،
رۇجەكتىن روبىرو تامغا قارايمەن.
تامدىكى بۇ ئەنسىز كۈنلەر گۇۋاسى،
دازىباۋ ۋە ئەنسىز هالغا قارايمەن.

سىنچىلاپ باققانچە قۇرلارغا شۇ ئان
خىياللار قوينىغا شۇڭغۇپ ئاقىمەن.
گۈنايىم چېكىدىن ئاشقانمۇ راستىن
سوراققا جاۋاۋىم ئىزدەپ باقىمەن.

"ئوگچىنىڭ پۇشتى" دەپ يازسا مەيلىغۇ،
نوپۇزلۇق دىگىنى توهمەتتىن دېرەك.
قانداقچە دۈشمەنگە، چەتكە باغلىناي،
سەۋەنلىك قىلدىممۇ شەيتان دىگۈدەك؟

نىهايەت مەرىپەت يولىدا ماڭدىم،
يادىمدا قەدەمنى قانداق باسقىنىم.
قىلغىنىم مىراسلار ئۈستىدە تەتقىق،
ئۈمىدىم يولىدىن ئەسلا تايمىدىم.

ياق، قانداق گۇناكار ئاتىلاي زادى؟
ئېھتىمال ئالدىمدا دولقۇن ئەۋجى بار.
تۇتۇنغان ئىش ئۈچۈن قىممەت ھەر تىنىق
ۋاقىت زىق، ئەتىگە ئىمكان بەلكى تار......

* * *

بىلمەيمەن، نىغمەتنى دەيمۇ ئەۋلىيا،
ئېيتقىنى بىرمۇ-بىر بولماقتا ئايان.
خەپ قېنى ئىنقىلاپ كەلسە دەيتتى ئۇ،
كورەرمىز كىملەر خار، كىملەر شادىمان.

ھە بۈگۈن نىغمەتنى كوردۇم خۇش چىراي
بولۇمگە كەلگەندە ئاپتور قاتارى.
قولىدا بىر قەغەز، قەدىمى تەمكىن،
بىلمىدىم پەيلىدىن تەزدىمۇ ياكى.

قايتاردا مەن بىلەن خوشلاشتى تېخى
قاسىمجان ئۆزنىپ چىقتى كەينىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرېسى

نەدىدۇ سوھبەتتە بولدىغۇ دەيمەن،
بىر سائەت پۈرستى ئۆتتى ئاردىن.

ياق، نىغمەت مەكتەپتە ئاددى مۇئەللىم،
بولۇمگە كەلگىنى ھېچ گەپ ئەمەسقۇ؟
دازىباۋ، تاملارنى كورگەندۇ بىراق
ۋە مەيلى كورگىنى ھېچ گەپ ئەمەسقۇ؟

*　　*　　*

دەرت بولغان چېغىڭدا سىردىشىڭ بولسا،
مۇڭداشساڭ دەردىڭنى توكسەڭ قانغىچە.
مەن كەبى تېڭىرقاپ قالغان كىشىنى
قىينارکەن يالغۇزلۇق دەردى باشقىچە.

نىمىشقا سەلىمەم كەلمەيدۇ ئۇزاق،
ۋە بەلكى گۇنايىم يەتكەندۇ ئاڭا.
يا ئۇنى تاندۇردى بىر كىم مېنىڭدىن
ئېھتىمال شۇ تەقدىر كەلمىشتۇر ماڭا.

ئېيخ بۇ تاپ ئەخمەتجان بولسىدى كاشكى،
دەردىمگە بېرەتتى سوزلىرى مەلھەم.
ئېھتىمال بوراندا قالغاندۇ ئۇمۇ
نە سەۋەپ، خەتلىرى كەلمەيدۇ نىكەم.

*    *    *

قاسىمجان بىر مېنى پاش قىلدى بۈگۈن،
ئۈچ سائەت شىددەتتە توپقا تۇتۇلدۇم.
كاللامدىن ئۆتەمدۇ تۆھمەت ـ جىنايەت،
ۋىجداننى ساتمىدىم، تەستە قۇتۇلدۇم.

ئۇ دەيدۇ: "باش ئەككىن تاپشۇر ھەممىنى،
يىل ـ يىللاپ يوشۇرۇن يازغان خېتىڭنى."
مەن دەيمەن: "خەلقىمگە ئاتالغان مۆھە
خەلقىمگە تالىنۇر، قويغىن گېپىڭنى."

كەچ كىردى، قار كەبى ياغدى دازىباۋ،
ئاق قالماي ئىشىگى ھەتتا ياتاقنىڭ.
ئەگىيدۇ ئەتراپتا بىر توپ پىتنىخور،
تەھدىدى ھەر ياندا تۇتقۇن ـ قاماقنىڭ.

ياق، تەرنىڭ ئەجرىگە كەلگەن كىتاپنى
ئۆيقۇسىز تۈندىمۇ ئەتكەيمەن داۋام.
سۆيۈنسۇن ئەجرىمدىن خەلقىم ـ ۋەتىنىم،
سۆيۈنسۇن ئوغلىدىن كوز يۇمغان ئاتام.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

* * *

تەھرىرلىك ئىشىدىن توختاتتى بۇگۈن،
مەسىلە ئويلاشقا كېسەلدى ھوكۇم.
كاللامدا بىر خىيال، قەلبىمدە ئىشەنچ
بەھەيۋەت تاغلاردا ئوينايدۇ كوزۇم.

شۇندىمۇ ئاق نىيەت، ئادىل كىشىنى
تۇگىتىپ كەتمەسكەن شىددەت بورانمۇ.
بېشىغا كۇن چۇشسە باشنى سىلىغان
ئادەمنى ئۇنتۇشقا بولغاي قاچانمۇ؟

ئاتباسكام ئىشىكتىن كىرگەن چېغىدا
قورقۇپراق ئۇنىڭغا كورسەتتىم ئورۇن.
قورققۇنۇم، چېتىلىپ قالمىسا دەيتتىم،
ئەيىپكار ئادەمگە پىشقەدەم جورىن.

ۋە لېكىن كورمىدىم قىلچە خاۋاتىر،
ئۇنىڭكى كوزلىرى تەمكىن شۇنچىلىك.
سوزلەشكە خەتەرلىك، ئەمما ئېيتتى ئۇ
ــ "ماڭغىنىڭ توغرا يول، تۇرغىن
تىك ـ تىپتىك!"

بوشۇككە بولىنىپ ياتقان چاغلىرىم،
ياش توككەن ئىدىممۇ بىلمەيمەن بىراق.
ئەقلىمگە كەلگەنچە ياش توكتۇم بۇگۈن،
يۈرىگىم ۋە لېكىن غەملەردىن يىراق.

*　　　*　　　*

جاھاندا تېپچ ماكان-جاينى بار دىسە،
ئىشەنگۇم كەلمەيدۇ ھېچقانچە مېنىڭ.
سېنىڭمۇ بېشىڭغا كەلگەن ئۇشبۇ كۈن
كەلمەيدۇ دىمىگىن بېشىغا ئۇنىڭ.

ئىككىيلەن ھە بۇگۈن كەلدى يېنىمغا،
ئىككىسى يەڭ بەلگە ئاسقان بىلەككە.
پاش قىلغىن—دىدى ئۇ خالىق مۇدىرىنى
بۇ ئۇزى كويدۇرگە بولغىن دىمەكتە!

ۋىجداننى ساتايمۇ ئەرزان باھادا؟
تۇز يىگەن تۇزلۇققا تۇكۇرەي قانداق؟
قانداقمۇ دىگەيمەن ئاتامنى ئوغرى،
تۇخۇمنى توت چاسا، قاغىنى ئاپپاق؟

ئالدىمغا تاشلانغان قەلەمنى ئالدىم
قەغەزگە ۋىجداننىڭ سوزىنى يازدىم:

"يىتىنىخور يۈشتىنىڭ جايى جەھەننەم،
گۇناسىز، گۇمانسىز خالىق مۇئەللىم!"

* * *

دات دىسەڭ دادىڭنى ئاڭلار كىم بىلىپ،
يولسىزلىق چىكىدىن ئاشقان چېغىدا.
ئۆز گوشۇڭ ئۆزەڭگە يەم بولار بەلكى،
غەزنىۋىڭ ۋولقاندەك تاشقان چېغىدا.

مەن بۇگۈن غەزەپنى قانداق سىغدۇراي
مۇشتچىلىك يۈرەكنىڭ چەكلىك قىتىغا.
تەقدىرنىڭ كوزى يوق بەندىنىڭ تىخى،
كوز بولسا بۇ كۈننى سالامدۇ باشقا!

ياتاققا موھلەتتە كىردىم، كىرىپلا
تاڭ قالدىم، چېچىلغان مەيداننى كورۈپ.
ئەينەككە باقمىدىم، باقسام ئېھتىمال،
ھەسرەتتىن يۈزلۈرۈم كەتكەندۇ ئوڭۇپ.

تاتىملار بۇزۇلغان، ئۈستىلىم ئوڭدا،
دەپتەرلەر توكۈلگەن ياپراق مىسالى.
يىل ـ يىللاپ توپلىغان كىتاپلار نەدە؟
ياستۇقمۇ تېتىلغان توزغاق مىسالى.

ئېيت تارىخ، ئېيت قېنى قايسى دەۋر بۇ،
بۇ كەبى خورلۇقنى كوردى قېنى كىم؟
جاھالەت يامرىغان ئورتا ئەسىردە
كورگەنمۇ بۇنچىلىك دەرتنى پەن ـ بىلىم؟

ئېيت تارىخ، سوزلەشكە ھەقلىقسەن پەقەت،
مەرىپەت ئورتەنسە ۋىجدان چىدامدۇ؟
ئېيت تارىخ، ئاقىۋەت بىر كۈن خەلقىمىز
قىلمىشتىن قىساسنى ئالماي قويامدۇ؟!
. . . . . . . . . . . . .

مىڭ شۇكرى، ئەقلىمنى تاپقان ئىكەنمەن،
تۇنۇگۇن بىر كېچە كولاپ ئورەكنى.
قايتىپتۇ تاپالماي بەختىمگە ئۇلار،
خىشلارنىڭ تەكتىگە كومگەن كىتاپنى.

مەيلى بۇ ھوجرامنى ئاغدۇرسۇن ئۇلار
ئەجرىمنى تۇتقۇزۇپ قويمايمەن ئاسان.
تېنىمدىن ئوچكىچە ئاخىرقى نەپەس
ساقلايمەن ئوغلۇنۇپ كەتكەنچە جاھان.

*　　*　　*

www.uyghurkitap.com

كەلگەندە كەچقۇرۇن يوقلاپ مىنى ئۇ،
كوزلىرى كوزۇمگە چوغ بوپ كورۇندى.
بىلمەيمەن، توساقتىن قانداق ئوتتىكىن،
هورمەتتە ئىشقىلىپ تاغدەك تۇيۇلدى.

ئۇ كەلدى، باهارنىڭ سەلكىن شامىلى،
يۇرەكنى سەگىتىپ كەلگەندەك ئۇچۇپ.
تاشلاندى ماڭا ۋە توكتى كوز يېشى
كوكرىگىم ئۇستىگە بىردىن باش قويۇپ.

قورقمايتتىم ئەزرائىل ياكى رەقىپتىن،
قىزلارنىڭ يېشىدىن قورقاتتىم بىراق.
چېھرىمدە شۇندىمۇ ئۇچمىدى كۇلكە
بەزلەشكە مەن ئۇنى تىرىشماي قانداق؟

دەرۋىشنىڭ تۇرقىدەك چاچ ۋە ساقىلىم
يىرگىنىش هىسسىنى بەرمەيتتى ئاڭا.
شۇ تاپتا تۇرقىمىز ئوتمۇش تۇرمىدە
كورۇشكەن ئاشىقنى ئەسلەتتى ماڭا.

ئاز ئوتمەي يوتكەلدى گەپنىڭ تېمىسى
ئۇگىنىش، ئىجاتتىن سوزنى باشلىدۇق.

سەلىمەم سەمگە چۈشكەن كىتاپنىڭ
تەقدىرى ئۈستىگە كوچتۇق ئاتلىدۇق.

ئۇ دېدى: "شۇ كىتاپ قالسدى ئامان."
مەن دېدىم: "مەن ئامان، كىتاپ ھەم ئامان!"
ئۇ دېدى: "راستىنلا باتۇر يىگىتسىز."
مەن دېدىم: "بۇ ئىشتا چانغانىمەن قاچان؟"

ماختىدى، ماختاشتۇق بۇندا ئىككىمىز،
ماختىغاچ ئۇ ماڭا قويدى ئىلتىماس.
ــ "ھە ئاشۇ كىتاپنى كورسەم ئىدى بىر
ئەلياتقۇ چاغ بولدى، ئالەممۇ تىمتاس."

ئالايمۇ ـ ئالمايمۇ، ئويغا چومۇلدۇم
دېدىم ۋە قورقۇنچاق بولماي ئۈنچىلىك.
ئوزەڭنى چىن دىلدىن سۆيگەن كىشىگە
بولغايمۇ قەلبىمدە شۈبھە شۇنچىلىك.

ئىككىمىز تىڭشىدۇق ئەتراپنى شۇ ئان،
رۇجەكنى پەم بىلەن ئەتتۇق شەپىسىز.
خىشلارنىڭ تەكتىنى كورستىپ كۆلدۇم
كولاشقا كىرىشىپ كەتتۇق شەپىسىز.

شۇ هامان بىر چوچۇپ باستىم ئۇزەمنى،
ئىشىكتىن بىر قانات چۇشكەندە كوچۇپ.
رۇجەكمۇ جاق قىلدى، باشلار كورۇندى،
ئۇلگۇرۇپ بولامدۇ خىشلارنى كومۇپ.

جىنايەت ئۇستىدە تۇتۇلدۇق نەقلا،
ئىككىمىز يېيىشتۇق بىردىن شاپىلاق.
مىڭەمنى قوچۇيتتى پۇتمەس پۇشايمان،
پۇشايمان كىتاپنى قۇتقۇزسۇن قانداق؟

سەلىمەم تەرەپكە باقتىم مەن قىيا
ئۇ غەزەپ ئىلكىدە مەغرۇر تۇراتتى.
شۇندىمۇ بۇ ساددە قىزغا دىلىمدا
مۇھەببەت كەينىدە نەپرەت ئاقاتتى.

* * *

سەلىمەم، سەلىمەم ساددە سەلىمەم،
كىتاۋىم دۇشمىنى دەيمۇ سىنى مەن.
كەلمىدىڭ بىر كەلدىڭ چىرماشتىڭ ماڭا
غەپلەتنىڭ بەندىسى قىلدىڭ مىنى سەن!



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com

## يەتتىنچى باپ سۈيىقەست

كىمنىڭدۇ ئېيتقىنى يادىمدا مېنىڭ،
ئىنساننىڭ سەزگۈسى — كۆزلەر ھەققىدە.
ئاشماقتا كۈنسېرى مەندە ئېتقات
كۆز شەرھى — مەنىلىك سۆزلەر ھەققىدە.

شەپقەتسىز كۆرەشلەر بولدى بۈگۈنمۇ
سوز قىلدى قاسىمجان كەتمەي يېنىمدىن
كانايدەك گۈكىرەپ تۇۋلايدۇ بىراق،
كۆزىنى ھەمىشە قاچۇرار مەندىن.

ئاببباسچۇ، ئىشارە قىلغاندا زۇجاڭ
"پاش قىلىش ئوقى"نى ئاتقاندا ماڭا.
يا رەببىم! كۆزىدىن كوردۇم يالقۇرۇش،
كۆزۈمگە تىك قاراپ باققاندا ماڭا.

ئېخ كۆزلەر.
قارا كۆز، ياكى پال كۆزلەر،
ئىگەڭلەر قولىدا يوقكەن ئىختىيار.
ئايدىڭكەن ھەر نىيەت شەكسىز سىلەردىن
بۇ سۆزگە يوق ئەمدى گۇمانىم زىنھار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

* * *

تەقدىرۇ ـ قىسمەتتىن ئاچسا كىمكى سوز،
جەڭگىۋار هال بىلەن بەس ـ بەس قىلاتتىم.
قولىدا هەركىمنىڭ تەقدىر ـ كورمىشى،
دەر ئىدىم، بۇ سوزدە مەهكەم تۇراتتىم.

هىلىمۇ مەسىلەكتىن ياناماق مەندە يوق،
هەقىقەت هوكمىدە يوقتۇر سەۋەنلىك.
بىلمەيمەن هە بۇگۈن كىمنىڭ قولىدا
تەقدىرىم ۋە نىچۈن ئەركىم كىشەنلىك؟

قانداقچە خالىغاي ئەركىن تەنلىرىم،
دەهشەتلىك قىستاقتا مەهكۇم بولۇشنى.
بەتنىيەت ئادەمنىڭ ئاتقان زەهەرلىك
يوشۇرۇن ئوقىغا مەهكۇم بولۇشنى.

تەكشۈرۈش ئۈچۈن مەن ئايرىپ قويۇلدۇم،
ئەي تەقدىر ئېيت قېنى مەندە نە گۇنا؟
سوزۇمنى ئېسىگدە ساقلىغىن تارىخ،
"گۇنايىم"، "قىلمىشىم" ئاشكارا ساڭا.

كالئەكتە قان بولدى پۇتكۇل باش-كوزۇم،
بىر ئېغىز سوز بىلەن بىللە توت تاياق.
ئاقىۋەت يىقىلدىم كەتتىم ماجالدىن
كوز ئاچسام كورۇندى ۋەيرانە ياتاق.

يۈزۈمدىن قانلارنى سۈرتمەي بولامدۇ؟
دەرمانسىز قولۇمنى سوزدۇم يېنىمغا.
كىملەرنىڭ رەھىمسى كەلدى، بىلمىدىم:
دەپتەرمۇ قەغەزمۇ چىقتى قولۇمغا.

كۇچىنىپ بىر پارچە يىرتتىم ئۇنىڭدىن
بۇرنۇمغا تەسلىكتە ئېپ كەلدىم يېقىن.
ئېپ كەلدىم، بۇرنۇمنى سۈرتتۇم، شۇ هامان
كىمنىڭدۇ قاغىشى ئاڭلاندى بىردىن.

كوپ ئوتمەي يەر تەۋرەپ باشلاندى چۇقان
ئادەممۇ ئاتمىشتىن ئاشتىغۇ دەيمەن.
ئاھۇ-زار ئاۋازى چۇشتەك ئىسمدە،
"داھىنىڭ ئوبرازى—رەسىم بۇ" دىگەن.

هۇشۇمدىن ئايرىلدىم تۇنجى تېپىكتىن،
ئەي تەقدىر پۇتمەمدۇ سالغان ئازاۋىڭ!

مەن بۈگۈن سولاقتا، گۇناسىز تۇتقۇن
يەنە سال، كورەيمەن قالغان ئازاۋسىك!

* * *

ئەزىزلاپ ئىنسانلار بىشىنى شۇنچە،
زەردارى ئالتۇندىن تاجلار كىيەركەن.
نامراتمۇ ئالقانچە بوزنى بوك قىلىپ،
گۈل چىكىپ، رەڭ تاللاپ باشنى بىزەركەن.

قايسىبىر قاغىشخور ئەتكەندۇ ئىجات
بۇنچە سەت، بەتبەشىرە قەغەز كۇلانى.
كىملەركىن ئىنساننىڭ ئالتۇن بىشىغا
خار ئەيلەپ بىسەۋەپ سالغان جاپانى.

يادىمدا، بۇ سۇپەت كۇلانى بىر چاغ،
ئوغرىلار بىشىدا كورگەن ئىكەنمەن.
كۇلالىق ئاتامۇ ياكى تاغاممۇ،
بىر قىسما كورۇنۇپ كۇلگەن ئىكەنمەن.

يا تووا، ئايلاندى چەرخى پەلەكنىڭ
كۇن ئوتۇپ ماڭا ھەم كەلدى بۇ قىسمەت.
دازىباۋ-قەغەزدىن كىيگۇزدى جەندە
سۇركەلگەن سىيادىن تۇرقۇم شۇنچە سەت.

ھە تېخى، بۇيرۇقمۇ كەلدى كەچ بىلەن
سازايە قىلغۇدەك بىرنى بازاردا.
جىنايەت ئۈستىگە بولمىش جىنايەت
بولمىساق مۇلايىم، مومىن ناۋادا.

*  *  *

قۇلاقنى گاس قىلار دۇمباق ئاۋازى،
كوكۇلمۇ ئايىنىدۇ ۋاڭ-چۇڭ چۇقاندىن.
كانايلار جاقىراپ تىنماس بىر نەپەس،
سۇرلۇكتۇر ئادەملەر كوزلىرى ئاندىن.

يان-ياندا يايىسى قاسىم سىلىڭنىڭ،
تۇتقۇنلار يالىنىپ كەلدۇق رەستىگە.
نائىلاج قىستىشىپ ماڭدۇق باش ئېگىپ،
كوز سېلىپ ئاسفالىت يولنىڭ تەكتىگە.

خىيالىم مېنىڭچۇ، دولقۇن ياسايدۇ،
ۋە لېكىن ئېسىمنى يىغدىم ئاقىۋەت.
ئىككى ئوي ئېڭىمدا ئىككى قىلىچلىق
جەڭچىدەك تىغلىشىپ سىنىشار ئامەت.

كوزۇمنى ئالمايمەن يەردىن نىمىشقا،
نامىمنى ئۇياتقا قويدۇممۇ ۋە يا؟

ئوغرىلىق قىلدىممۇ، ياكى بۇزۇقلۇق،
قان چىچىپ قانۇننى بۇزدۇممۇ ۋە يا؟

بولدۇممۇ ۋەتەنگە ئاسى ـ گۇناكار،
خەلقىمنىڭ يۈزىگە قويدۇممۇ ئاياق؟
ۋىجدانىم ئۈستىگە مىندىممۇ نەپسىم
ۋە ياكى بولدۇممۇ جەڭگاھـتىن قاچاق؟

ئۆمرۈمنىڭ دەپتىرى ئالدىمدا مېنىڭ،
ھەر قۇر ـ سەھىپىسى يادىمدا مېنىڭ.
نىھايەت بولسا بار نۇقسانىم بىراق
گۇنادىن زەررە يوق قانىمدا مېنىڭ.

كوزلەرگە نىمشقا باقمايمەن ئۇدۇل،
قايمۇققان ئادەمدە، سەندە نە گۇنا؟
ئەي باتۇر نەلەرگە كەتتى جۈرئىتىڭ،
ئۆزەڭگە ئىشەنچە قىلمامسەن ۋە يا؟

ئاھ بۇ تاپ تىلىمدا ئەركىــم يوق بىراق،
كوزۈمدە بولسمۇ سوزلەي ھەقنى مەن.
مەن سوزلەي، گۇناسىز تۇتقۇن ھەققىدە
دىدىم ـ دە، تاقەتكە قويدۇم چەكنى مەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئالدىم ۋە كوزۇمنى يەردىن بىراقلا،
ئادەملەر توپىغا باقتىم تىكىلىپ.
كورۇندى بەش قولدەك ھەممە رەستىدىن
ئوتمەكتە جەڭگىۋار ئەترەت تىزىلىپ.

توساتتىن بىر قىزنىڭ نىغمەت سىلىڭ دەپ
تونۇشلۇق خىتاۋى ئاڭلاندى ماڭا.
ئۇنتۇدۇم قەيەردە ئىكەننى ئوزەم،
بۇرۇلدۇم كوزۇمنى تىكتىم ـ دە، ئاڭا.

كوردۇم ۋە تونۇشلۇق شۇ قىزنى ھەيھات!
سەلىمەم ئەمەسمۇ، ھە بىرى نىغمەت.
ئۇچراشتى شۇ ھامان ئۇچ كوز ئۇچ پىچاق،
كور خۇدا بۇ ئوزى نە بالا، قىسمەت!

ئىككىيلەن تۇراتتى قول ـ قول تۇتۇشۇپ،
ئۇزۇنغا سوزۇلغان سەپنىڭ بېشىدا.
ھىجايغان كوزىدە ئالەمچە مازاق،
زەھەرلىك مىڭ ئوق بار ھەر قاراشىدا.

شۇ چاغدا مىڭەمنى بىر ئاسمان دىسەم،
شۇ ئاسمان گۇلدۇرلەپ چاققاندا چېقىن.

قىيامەت زۇلمىتى كورۇندى كوزگە
گەجگەمگە ئۇرۇلغان كالتەكتىن كېيىن.

* * *

بىر چاغلار، ھايۋانات باغچىسىدا مەن،
كورگۈنۈم ئېسىمدە مۇنداق مەنزىرە.
قامالغان ئوكۇزدەك بىر جۇپ ئارسلان
تومۇردىن رىشاتكا تارتىقان قەپەزگە.

قەپەزدىن ئايلىنىپ بىر سەبى بالا،
يولۋاسنىڭ بېشىغا تاشلار ئاتاتتى.
ۋە ياكى سۇندۇرۇپ شاختىن تال چىۋىق،
پەيت پايلاپ قۇلاقتىن سانچىپ ئالاتتى.

بۇ خورلۇق-ئازاپتىن بولمامدۇ جىلە
يولۋاسمۇ ھۇلايتتى، ئەيلەيتتى خىرىس.
يولۋاسنىڭ ئاچچىغى بالىغا كۈلكە
شۇ سۇپەت داۋاملىق ئەدەيتتى بۇ ئىش.

بالىغا مەسلىگى كەلدى دوستۇمنىڭ
— "يۈرىگى چوڭ ئىكەن" — دىدى ھەۋەستە.
مەن دىدىم، سەۋتۋى باتۇرلۇغىنىڭ
ئۇنتۇما، بۇ مىنۇت يولۋاس قەپەزدە.

* * *

پەمىچە، كوكلەمگە كوچكەن تەبىەت،
باھارنىڭ جىلۋىسى ئوينايدۇ بۇگۈن.
ئېگىلگەن قەددىگە ياپراق تاقىشىپ،
شاخ-شاخلار ھۇپپىدە گۈللەيدۇ بۇگۈن.

ئۇيقۇدىن ئويغانغان قوڭغۇز-قۇرۇتمۇ،
يەر تېشىپ ئالەمگە كوز ئاچار ئەركىن.
قىش بويى باھارغا تەلمۇرگەن ئۇرۇق
بىخ سۈرۈپ كۈچلىنىپ بوي ئاتار ئەركىن.

توك-مۇزلار سۇ بولۇپ دەرياغا تولۇپ،
قىرغاقنى يالىشىپ شوخ ئاقار ئەركىن.
جاڭگالدا شۇمشىيىپ ئۇگدىگەن توشقان
شەبنەملىك كۇكاتقا لەۋ ياقار ئەركىن.

خالىغان مۇقامغا سايرىشىپ قۇشقاچ،
بوستاندىن ئوزىگە جۇپ تاپار ئەركىن.
تۇخۇمدىن كوز ئاچقان قۇشنىڭ بالىسى،
شاخلاردىن شاخلارغا تاشلىنار ئەركىن.

كەچ بولماس كۈندۈزلەر،
مەن بۇ سولاقتا،
تاڭ ئاتماس كېچىلەر،
مەن بۇ سولاقتا.
باھاردا ھېچ ئىللىق سەزمەس بۇ يۈرەك
دەھشەتلىك ھوكۈملەر ھۇلار قولاقتا.

* * *

لىپ قىلدى، بىر سايە ئۆتتى رۇجەكتىن
سوغ تامغا يولىنىپ ئولتۇرغان چېغىم.
دەل چۈشتى ئالدىمغا كىچىك باغاقچە
چۈشتى ۋە غۇژژىدە شۇركەندى تېنىم.

بىلمەيتتىم مەن ئاۋال قورقۇش دېگەننى،
ھازىرچۇ ئۈنچىلىك باتۇر ئەمەسمەن.
ھەر كۈنى دەشنام يەپ تۇرسا بۇ يۈرەك،
تولىمدۇ جاراھەت، قانلىق داغ بىلەن؟

ئالايمۇ، ئالمايمۇ—ئالدىم ئاخىرى
باغاقنىڭ قېتىنى ئاچتىم شۇ ھامان.
تونۇش خەت "ئۆزەڭنى يوقاتما ئوغلۇم،
ئاقىۋەت بۇ يېتى تۇرماس بۇ جاھان!"



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

ئېخ، خەتنىڭ ئاخىرى — تونۇشلۇق بەلگە
ئاباسكام نەقەدەر كويۇمچان ئادەم!
ئەتىگە ئىنتىلگەن مەن ئەمەس يالغۇز،
يېنىمدا بار يەنە مىڭلىغان ئادەم.

كايىدىم ئوزەمگە شۇندا ئىچىمدە،
ھاياتتىن ئۇمىدىڭ ئوزگەن سەنمۇ شۇ؟!
پىنھانە ھەپىسدىن ئىزدەپ تىنخ ـ تانا،
ئومۇرلۇك ئۇيقۇنى كۇتكەن سەنمۇ شۇ؟!

تانمايمەن، قىلغانمەن شۇنداق خىيالنى،
دەيمەنكى ئوڭلىنىپ كەتكەيمۇ جاھـان؟
بۇلانغان كىتاۋىم داۋام ئەتمەككە،
قەلىمىم ئىلكىمگە ئوتكەي ۋە قاچان؟

*       *       *

بۇلۇتقا باش قويغان ھەيۋەت دەرەخنىڭ
كىمنىڭمۇ ھەۋسى كەلمەس بەستىگە؟
غولىغا قۇچاقمۇ يەتمەس، يىلتىزى —
سوزۇلغان مىڭ غېرىچ تۇپراق تەكتىگە.

شۇندىمۇ ھەر كۇنى بىر پالـتا ئۇرۇپ
بېجىرىم يىلتىزنى قىلغانـدا ناكا.

يىقىلماي قالامدۇ قاخشال بوپ دەرەخ،
شاخلىرى شامالدا سۇنامدۇ ۋە يا؟

تەنقىتنىڭ پالتىسى ھەر كۈن بېشىمدا
ئەجەلمۇ ئالىيىپ قارايدۇ بەزەن.
قىيناقتىن تىلىنغان ئەتلەر تاسمىدەك
ئەجەپمۇ چىداركەن دەرتكە تەن دىگەن!

ئىرادەم چىلىك بىراق، بىتاپ ئەسەبىم،
ئاغرىيدۇ شۇنچىلىك چىڭقىلىپ گاھ-گاھ.
بەزىدە ئۆزەمنىڭ بولماس ئىختىيار،
ھۇشۇمدىن قالىمەن ئايرىلىپ گاھ-گاھ.

چىرمىشار چۇگۇلغان يىپتەك ئويلىرىم
پىكرىمنى يىغماقمۇ بەزەن تەس كېلەر.
مېھنىتىم شاخلىرى ئاتماستىن چېچەك
ۋادەرىخ، ئالەمدىن ئۆتسەم مەن ئەگەر......

* * *

بىر كۈنلۈك قىيناشلار بولغاندا تامام،
سىلىكىنىڭ ئالدىدا بولدۇم سوراقتا.
قورۇقچى ئىجازەت بەردى كىرىشكە
بوسۇغا داۋاندىن ئاتلىدىم ئاستا.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تورىدە بىزەلگەن بولمىدە قاسىم
مەن تۇردۇم ئالدىدا تەستە پۇت تىرەپ.
تارتمىدىن سۇغۇرغاچ قەغەز ـ ھوكۇمنى،
تاماكا ئىسىنى پۈۋلەيتتى ھە دەپ.

سوزىنى باشلىدى قاسىم ئېزىلىپ،
مەن بىلدىم، كۈرەشتە "جاھىل" ئىكەنمەن.
قىلمىشىم ئۈستىگە ئارتىلغاچ گۇنا
مۇددەتسىز تەنقىتكە داخىل ئىكەنمەن.

مەن بىلدىم، شەھەردىن يۈز يول يىراقتا،
بوپتىمىش چولدىكى گەنشياۋ ماكانىم.
ئىمىشمەن شۇنچىلىك خەتەرلىك ئۇنسۇر،
نازارەت ئاستىدا تۇتاركەن دائىم.

يۈك ـ تاقنى تېڭىشقا بۇيرۇق بېرىلدى،
بۇرۇلدۇم كەينىمگە قايتتىم ئۆندىسمەي.
جەسىدىم قالارمۇ چولدە قەۋرىسىز،
مىڭ گۇلۇم ئىچىدىن بىر گۇل گۇللىمەي......

* * *

ئانامدىن تۇغۇلۇپ يەرگە يان بېسىپ،
دۇنياغا كوزۇمنى ئاچقاندا ئۇدۇل.

كىملەردۇ شۇبھىدە قويغاندۇ سوراق
— ئېيتىڭلار بۇ بوۋاق قىزمىكەن ـ ئوغۇل؟

ئىگرىغان چاغدىمۇ شەكسىز ئەر ئىدىم،
ھىلىمۇ ئەركەكچە مەيدە كېرەي مەن.
كىملەردۇ بېشىمغا سالغان جاپادىن
قانداقمۇ ياش توكۇپ ئاھ ـ ۋاھ دىگەيمەن؟

ئېھتىمال، سەھەردە ياكى ھىلىلا،
جۇنەرمەن گەنشياۋغا چولگە يول ئېلىپ.
يۇك ـ تاقلار تەپمۇ ـ تەخ، ئىشىكتە ساقچى،
مارىلاپ ئوتۇشەر دەم ـ دەم كوز سېلىپ.

ئېسىمدە قەستىدىن ۋاپاسىز قىزنىڭ
كىتاۋىم سولاندى مۇزلۇق سارايغا.
مىڭ تەستە ساقلاندى ئۇشبۇ خاتىرە،
بۇنى ھەم ۋەھىمە ئالدى ئارىغا.

مانا مەن كولىدىم يەردىن ئورەكنى،
ئەيلەيمەن دەپتەرنى پىنھانە دەپىن.
دۇنيادا قالسا گەر بۇ باشىم ئامان
تاپارمەن بىر كۇنى يەرنىڭ تەكتىدىن.

ۋە ياكى كوز يۇمسام يەتسە ئاخىرەت
شۇندىمۇ ئاي ئوتەر يىللار ھەم ئوتەر.
ئېھتىمال يۈز يىلنىڭ ئۇچقۇر شاملى
قەۋرەمنى شەپقەتسىز تۈزلەپ كېتىشەر.

ئىنسانلار جەمەتى ئەمما ئۇزۇلمەس،
ئارخولوگ ئالىملار يەرنى قېزىشار.
تېپىلسا خاتىرەم شۇندا بىر كۇنى،
گۇناسىز بەندىنى ئەسكە ئېلىشار!

ئەلۋىدا خاتىرەم، كەتتىم ئۇزاققا
سەن قالدىڭ سىردىشىپ جانسىز يەر بىلەن.
كورۇشۇپ قالغايسەن بىر كۇن ئاقىۋەت
مەن بىلەن ۋە ياكى ئەۋلات-ئەل بىلەن.....

## سەككىزىنچى باپ سەرسانلىق

ئەسسالام خاتىرەم، ئەسسالام سىرداش،
ئۇزاقتىن سېغىنىپ قايتتىم سېنى مەن.
قەۋرەڭنى كولىسام تىترەر بارمىغىم
مىڭ قەتلە شۇكرىكى، تاپتىم سېنى مەن.

يېنىڭغا كەلدىم مەن ئۆتكەندە بىراق
ئارىدىن ئازاپلىق يىلدىن يەتتىسى.
ساناقسىز تاتۇقلار چېھرىمدىن ئايان،
ئۈستۈمدە تېتىلغان مەھبۇس جەندىسى.

سەن ئاشۇ يىللارنىڭ دوقمۇشلىرىدا،
سورامسەن مېنىڭدىن — كوردۈڭ نىمە كۈن؟
نىمە دەي؟
قىسقا سوز، ئۇندا ئىشقىلىپ
بولمىدى مەرىكە ياكى توي - توكۈن!

ئىختىيار ئەيلىسەڭ بىلمەكنى توگۈل،
سورىغىن چېكەمگە چۈشكەن ئەجىندىن،
ۋە ياكى ساماندەك سارغايغان يۈزۈم،
چۈشەنگىن بۇقۇسا قالدۇرغان ئىزدىن.

بۈگۈنۈم سورىساڭ بىلگىن، مېنى ھەم
ساراڭلار سېپىگە ئەزا قىلىشتى.
جىسمىمنى كۈرەشتە كاردىن چىقىرىپ
مەيىپلىك، خەتەرسىز ئۈنسۈر دېيىشتى.

ئەمدى مەن ماكانسىز، ئىشسىز مۇساپىر
ئەنزەممۇ ھوكۇمسىز قالدى ئېسىلىپ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

بۇ كۈنلەر مەن ئۇچۇن ھەمرا بىر ئوزەڭ
ئوتەرمىز سوقۇلۇپ ياكى قىقىلىپ.

* * *

جان بىلەن ئەجەلنىڭ كەسكىن جېڭى بار،
ھەر ئەزا، ھۇجەيرە، ھەر تال چېچىمدا.
ئەزرائىل قۇشلىرى ئەگىپ ئوتىدۇ،
مۇھتاجلىق دەستىدىن ھەر كۈن بېشىمدا.

ياق، كوڭلۇم ئۇمىدى ئەتە ئەمەسمۇ،
ۋاقتىسىز ئولۇمگە تەن بېرەي قانداق؟
نان كېرەك ئىنسانغا تەھقىق، شۇندىمۇ
تەس ئىكەن بىراۋغا نان دەپ يېلىنماق.

* * *

تونۇشلۇق بۇ شەدە ھەر بىر كوچا-ئوي،
ھەتتاكى ئۇ باشتىن بۇ باشقا قەدەر.
مېھماننىڭ غەمخورى قانچە بوسۇغا،
تونۇشلۇق ۋە قانچە دوستۇ-بۇرادەر.

خەيرىيەت، تېنىمنى سورەپ-مۇدىرەپ،
ئەتىگەن، كوچىنى چىقتىم ئارىلاپ.

ھە ئەنە مەن تالاي ئۇتكەن تۇت كوچا،
تۇرمايدۇ ئاۋالقى ھالىدەك قايناپ.

گۈلخانا ئورنىدا ئورلەر توپا-چاڭ،
تاملاردا ئىزلىرى قاتقان شىلىمنىڭ.
تىرەكلەر ياپرىغى سولغان-سولاشقان،
ئەخلەتلىك كوچىلار يادىدا كىمنىڭ.

تام يولەپ نالىلەر ئىپتار قەلەندەر،
پاتقاقلىق پەلەمپەي، يولنىڭ بويىدا.
يېنىدا ئاچ-يىلىڭ غەمكىن بالىسى
قول سوزار جان ئۇچۇن نانىنىڭ كويىدا.

ئادەملەر يۈزىدە زىنھار كۈلكە يوق،
مېڭىشار يوللاردا باشنى چوكۇرۇپ.
پۇت ئۇچى نىچۇندۇ كوزلەرگە نىشان،
يېنىڭدىن كېتىشەر تېز-تېز ئۇتۇشۇپ.

مەن مانا ئايلىنىپ چوڭ يول-كوچىدىن —
ئۇتكەندە بۇزۇلغان ھەيكەل ئالدىدىن.
توساتتىن ئۇچراتتىم بۇندا ھىممەتنى
ئۇچراتتىم، ئالدىمدا توختىدى بىردىن.

ئوز تونۇش ئادىمىڭ كورسەڭ سەن ئەگەر
دىدارغا تەشنا بوپ يۈرگەن چېغىڭدا.
قانداقچە ئېيتقۇسىز بولمايسەن خوشال
شاتلىقنىڭ فونتانى تاشماس دىلىڭدا؟

ھەممىنى كوردۈم-دە، يايدىم قۇچاقنى
ۋاقىراپ سالغىلى سالدىم تاس-تاماس.
نىچۈندۈر ئۈنىڭدىن چىقمايدۇ زۇۋان،
لىڭشىتتى بېشىنى خالار-خالىماس.

ئويلىدىم، ئېسىدىن چىقتىم ئېھتىمال،
دىدىم ۋە — ئىنىڭمەن، باتۇر ئىسمىلىك.
ئەتراپقا تەشۋىشتە باقتى ئەمما ئۇ،
قەدەمنى كەينىگە بۇرىدى ئىتتىك.

بىلمىدىم، بۇ ئوزى زادى نىمە ئىش،
چىرايىم ئوزگىرىپ كەتكەن ئۈچۈنمۇ؟
ئاپتاپتا قارىداپ قالدىم خېلىلا،
ۋە ياكى جۇل چاپان كىيگەن ئۈچۈنمۇ؟

* * *

ئاسارەت ئىچىدە خار بولغان كىشى،
نىجاتلىق يولىدا ئىزدەنمەس نىچۈن؟

يۇلتۇزسىز كېچىدە قالغان يولۇچى،
قۇياشلىق سەھەرگە تەلمۇرمەس نېچۇن؟

ئاڭلىدىم مەن بۇگۈن كىمدۇ بىرىدىن
مەركەزدە يۇكسىلىش بولدى دىگەننى.
زۇزىپەي ئاتالغان رەھبەر رەئىسنىڭ
ئادالەت تەختىدە يولباش ئىكەننى.

مېنى ھەم ۋاقتىنچە تاشلاپ قويغىنى
ئەمەسكەن ئاساسسىز ھەمدە سەۋەپسىز.
بۇ دىمەك ئۇمىتنىڭ ئۇچقۇنى ئەمما
ئۇمىتمۇ گۇللىمەس ئەجرىسىز-تەرسىز.

ئەتىلا يۇقۇرى تەشكىل ئالدىغا
بىر بېرىپ ئەرزىمنى توكسەم-سوزلىسەم.
پاكىتىم ئوقىدا توھمەت ئەھلىنى
شەپقەتسىز كۇل قىلسام، بىر-بىر ئورتىسەم.

كەلسە ئېخ، ئارامىلىق تاڭنىڭ مەزگىلى،
قارىلىق نامىمدىن بولسام مەنمۇ ئاق.
تەتقىقات ئىشىمنى ئەتسەم ۋە داۋام
يەن، بىلىم يولىدا ئورلىسەم ھەر ۋاق.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

* * *

كۈن تېخى ئورلىمەي تاغلار بېشىدىن،
قاينىغان دەرۋازا ئالدى بازاردەك.
ئادەملەر تۇرقىدا ھەر خىل قىياپە،
دەرتمەنلەر بازارى — كەيپى مازاردەك.

بىرسىنىڭ كىيگىنى مېنىڭدەك جۇل-جۇل،
بىرسىنىڭ قولىدا بىر جۇپ ياتتاياق.
نەۋرىسى يېتىلەپ كېلەر ئەمانى
بىرىنىڭ قولىدا ئەرز بىر بولاق.

بىرىدىن توختىماي كوز ياش توكۇلەر،
بىرىنى يولدىشى بەزلەپ تۇرىدۇ.
بىراۋنى غەزەپتە تىللايدۇ بىرى،
بىرى دەرت ھالىنى سوزلەپ تۇرىدۇ.

مەنمۇ بۇ ئەتتىگەن كەلدىم، قوبۇلنى —
كۇتمەككە ھەپتىدە ئالتىنچى قېتىم.
بەش نوۋەت ئىشكتىن ھايدالدىم ئۇدا،
شۇندىمۇ نىيەتتىن ئەسلا يانمىدىم.

www.uyghurkitap.com

تاڭ ئېتىپ چۈش بولدى، كۈنمۇ قىيىلدى
(ئاچلىقنىڭ دەردىنى ئېيتىپ نە قىلاي؟)
كاتىپقا ئىلتىماس قويدۇم قانچە رەت،
ھەر قېتىم كورگۈنۈم دەشنام، سوغ چىراي.

ئۈمىتنى ئۈزەيمۇ، ياق، ياق، ئۈزمىدىم،
دەرۋازا ئالدىدا تۇردۇم قادىلىپ.
بىر كورەڭ ياسانچۇق چىقتى بىنادىن،
سوز قىلدى ھەممىگە باققاچ ئالىيىپ.

— "كېتىڭلار، تۇرغىچە بەزدەك بېزىرىپ،
ئەرزىمەس ئىش ئۈچۈن باشنى ئاغرىتىپ.
باشلىقنىڭ ۋاقتى زىق، كەچتە ئىشى جىق،
بىكارغا تۇرماڭلار ئەمدى ساقلىشىپ."

جاق قىلدى، قاراۋۇل ئەتتى ئىشىكنى،
نەچچە ئۇن دەۋاگەر قالدى تالادا.
بەزىبىر كوزلەردە ئاچچىق ياشلىرى
سىرغىيتتى چاناقتىن شەبنەمدەك گويا.

ئاھ، بۇلار كەچمىشتە ئوخشاش مەن بىلەن،
دەردىگە داۋانى ئىزدەپ كېلىشكەن.

تەييارتاپ تورنىنىڭ ئەمما بۇندىكى
ئەقلىنىڭ ئۇستىگە نەپسى مىنىشكەن.

بۇگۇنچۇ، بارارى قايدا ئۇلارنىڭ
كوچىدا ئىگىسىز سەرسان بولامدۇ؟
قان توكۇپ تىكلىگەن دۇنيا — هوقۇقنى
ئادالەت سورامدۇ، زۇلمەت سورامدۇ؟

قەلبىمدە شۇ مىنۇت تاشقىن يامرىدى
دەرتمەنلەر توپىغا تىكتىم كوزۇمنى.
زورلۇقنىڭ ئالدىدا قورقۇش ئەمدى يات
غۇلغۇيغا ئوت ياقتىم باشلاپ سوزۇمنى:

— "ئاڭلاڭلار خالايىق مەركەزدە بۇگۇن
بولماقتا يار-يولەك بىزگە دېڭ رەئىس①.
خاتالار ئوڭشىلىپ يوللار تۇزىلىپ
يورۇشۇپ بارماقتا ئەمدى هەممە ئىش.

— ئويلاڭلار، بۇندىكى غەمسىز تورىلەر
ئاممىنىڭ هالىغا يەتمەيدۇ نىچۇن؟

① بۇ يەردە 1975-يىلى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بىر مەزگىل
دولەت ئىشىغا يېتەكچىلىك قىلغانلىقى كوزدە تۇتۇلغان.

سىياسەت ئۆز پېتى بولمايدۇ ئايان،
بۇ باشتىن قالپاقلار كەتمەيدۇ نىچۇن!؟“

دەرتمەنلەر ئىچىدە باشلاندى چۇقان،
غۇلغۇيغا ئاۋازىم قاتقان چېغىمدا.
دەۋاگەر سۇپەتلىك ئىككى ناتونۇش
توساتتىن يوپۇرۇپ كەلدى يېنىمغا.

كەلدى-دە، قولۇمنى قايرىپ كەينىگە
بىنانىڭ كەينىگە ئېپ كەتتى مېنى.
دەرتمەنلەر قانچىلىك سالسا سۈرەننى
شۇنچىلىك تېزلىكتە سورەيتتى مېنى.

كوپ ئۆتمەي بىر ئويدە يەشتى كوزۈمنى،
نىغمەتنىڭ ئالدىدا كوردۇم ئۆزەمنى.
ئاداققى نىقاۋى يىرتىلغان ئۇنىڭ
تەلەتى بىر قوچۇپ ئۆتتى مىگەمنى.

ئۇ دىدى — ”كوزۈڭنى ئاچقىن قاپاقۋاش،
بەك بالدۇر خوش بولۇپ كەتتىڭ نىمانچە؟
ئىشەنگەن ئادىمىڭ ھالى مانا شۇ،
كۇنلىرى ئۇزاققا بارمىدى ئانچە.“

ئالدىمغا تاشلىدى نىغمەت گېزىتنى،
باش قۇرنى ئوقۇپلا قالدىم تاڭ قېتىپ.
سەرلەۋھە «زۇزىپەي ماگماقتا يەنە».
ئوقۇدۇم، تەكتىگە يەتتىم بىر بېقىپ.

تىل بىلەن سوكەيمۇ ئاشۇ نامەرتنى،
قولۇمدا تاپانچام بولسا ئەگەردە......
غۇرۇرۇم نىغمەتكە ئەيلەيتتى خىرىس
ۋادەرىخ! ھىلى ھەم يولۋاس قەپەزدە!

*    *    *

ھەقىقەت ــ نۇر، قانچە كومسە كومۇلمەس،
سۇنمايدۇ ئېگىلسە ئەمما گايىدا.
ھەقىقەت ــ ساپ ئالتۇن، قونماس توپا ـ دات،
يۈز يىللاپ ياتسىمۇ تۇپراق قوينىدا.

يادىمدا، كوپېرنىك① ئالەم سىرىنى ــ
ئاچقاندا، توھمەتنىڭ بولدى قورولى.

---

① كوپېرنىك (1473 ــ 1543) ــ ئۇلۇغ پولشا ئاسترونومىيە ئالىمى، ئالەمــدە قۇياش مەركەز دېــگەن تەلــىماتــنى ياراتــقۇچى. ــ تەھرىردىن.

گالىلى① توھپىسى بولدى جەدىتلىك،
ئاسارەت ئوتلىرى كويدۈردى ئۇنى.

مېنىڭمۇ ئىرادەم سۇنغاي نىمىشقا،
ھەقىقەت ــ پەن ئۈچۈن قىلسام جان پىدا.
تەۋرەمدۇ مەسلىكىم دەھشەت جازادىن
ۋە توھمەت ئانىسى ــ ئىپلاس ئالدىدا.

ياشايمەن، ياشايمەن ئەتە، ئەل ئۈچۈن،
جىم يېتىپ تەقدىرنىڭ بولمايمەن قولى.
بېيجىڭدىن ھەقىقەت ئىزدەي، رازىمەن
بۇ يولدا جېنىمدىن كەچسەم بىر يولى.

* * *

ئېخ، قانچە يېقىملىق، ئىللىق چىراي بۇ،
كۆڭدىپاي دىگەنمۇ شۇنداق بولامدۇ؟
بەزىدە بار تېخى رىغبەت سوزلىرى
يا مېنى پىنھانە پايلاپ يۈرەمدۇ؟
. . . . . . . . . . . . .

① گالىلى (1564 ــ 1642) ــ ئۇلۇغ ئىتالىيە فىزىكا ئالىمى ۋە ئاسترونومىيە ئالىمى. ــ تەھرىردىن.

ياق ئەمدى ئىشەندىم، ئالىم ئىسىملىك
بۇ كىشى ئاقۋەت بەردى تونۇشلۇق.
ئۇ دەيدۇ، "ئۇنتۇما بىر ئاي كېچىنىڭ
ئون بەشى قاراڭغۇ، ئون بەشى يورۇق."

ھەر جايدا بار ئىكەن، ھەتتا، ھەپىسدە
ئىلىمنى دوست تۇتقان كىشىگە يولداش.
ئالىمغا ئىشىنىپ ئېيتتىم نىيەتنى
كەلگۇسى سەپەرگە بولغۇسى قولداش.

*　　　　*　　　　*

يامغۇرلۇق ئاخشىمى، ئالەم قاراڭغۇ
ئۇزاتقان بەش قولنى كورمەك شۇنچە تەس.
گۇندىپاي پىچىرلاپ ئېيتتى مەن ئۇچۇن
بۇ ئاخشام قىممەتتۇر ھەر دەم، ھەر نەپەس.

تۇن ھەسسە، ئالىمكام كەلدى ئىشىككە،
ئىشىكنى پەم بىلەن ئاچتۇق تىۋىشسىز.
قەپەزدىن قۇتۇلۇپ تامدىن سىرىلدىم،
تار كوچا ئاغزىغا كەلدۇق شۇنچە تېز.

شەرققە ئۇزىتىپ قالدى مېنى ئۇ،
خوشلاشتۇق ئىككىمىز زۇلمەت كېچىدە.

مەن كەتتىم نىجاتلىق ئىزدەش يولىغا
چاقماقلار ياللىرار، كىرپىكتە ئۈنچە.....

## توققۇزىنچى باپ نىجاتلىق يولىدا

بىر تىيىن — بۇ ئۆزى ئاز پۇل شۈنچىلىك،
ۋە لېكىن مەندە يوق ھەتتا بىر تىيىن.
كۈندىلىك تۇرمۇشتىن ئاچماي مەيلى گەپ،
ئۈنىڭسىز سەپەرگە ئاتلانماق قىيىن.

نە قىلاي يول ئۇزاق، مەنزىلىم يىراق،
ماڭمىسام ئالدىمغا كەينىمدە توزاق.
ئىلاجىنىڭ ئېپىنى ئىزدەي، ئىرادەم —
مۈشكۈلات ئالدىدا ئېگىلگەي قانداق؟

* * *

قەپەزدىن قاچتىمىۋ، ئەمما قەپەزدىن
كوپ ئەمەس ئارىسى تۇرغان يېرىمنىڭ.
نىغمەتنىڭ ئالدىغا چۈشسەم يەنە بىر،
سالامەت قالمىغى تەستۇر جېنىمنىڭ.

ھاياتىم خەۋپكە دۇچكەلدى بۇگۈن،
كەچقۇرۇن - گۇگۇمدا پىررون يېنىدا.

پۇقرالار سىياقى بىر جۈپ يات كىشى
قارامنى يوقاتماي چۈشتى پېيىمغا.

ئەركىمگە كىشەننى تەگلەپ يۈرۈشسە،
بېشىمنى نىمىشقا قاچمايمەن ئېلىپ.
چىراقلىق بولمىدىن ئىزدەپ پانانى
تونۇشلۇق ئىشكنى قاقتىم ـ دە كېلىپ.

بىر ئايال ئىشكنى ئاچتى قىيالا،
مەن ئېيتتىم راست گەپنى ــ قاچقان كىشى دەپ.
ئېيتتىم ۋە بىر ئېغىز "قاچتىم" سوزىنى،
ئوزەمگە بىر قىسما ئاڭلاندى بۇ گەپ.

شۇندىمۇ ئايالنىڭ كوڭلى ئاق ئىكەن،
ئويىگە ئىشارەت قىلدى مېنى ئۇ.
كوپ ئوتمەي ئىشكمۇ دوك ـ دوك قېقىلادى،
"هامىال"لار ئالدىغا ئوگمەي چىقتى ئۇ.

سوھبەتلەر:
ــ "ئوتتىمۇ بۇندىن بىر كىشى؟"
ــ "سوزلەگلەر ھە ئۇنىڭ تەقى ـ تۇرقىنى؟"
ــ "ساقاللىق، ئورتا بوي......"

—"ھە كوردۇم بايام."
—"ئېيتىڭچۇ قاياققا قاچتى ئۇ قېنى؟"

—"كوپ بولسا ئوتكەندۇ بەلكى بىر مىنۇت
كورگەندىم سىياقى شۇنداق بىرىنى."
—"ھە قېنى؟"
—"ھىلىلا كەتتى ئۇ ياققا
ئېھتىمال شەھەرگە ئالدى ئوزىنى."

"ھامما ل"لار كېتىشتى يۈگرەپ-دۈپۈرلەپ،
تونۇشۇم ئايالى كىردى ئىشكتىن.
—"سوزلەڭچۇ ھازىرقى ئورنىڭىز نەدە؟"
—"سوردىماڭ ئەي ھەدە، ئوتۇنەي سىزدىن."

سوردىماڭ دىددىمىۇ، ئېيتماي بولامدۇ،
كوڭۇلدە بارىنى ئاق دىل كىشىگە.
قىسمىتىم قىسقىچە قىلغاندا بايان
سىغمىدى ئۇنىڭمۇ دەردى ئىچىگە.

تونۇشۇم—ئېنژىنېر ئون يىل مۇقەددەم
تارىمغا پالىنىپ كەتكەنكەن ئۇنىڭ.
قارا يۈز ئېپلاسنىڭ قىلمىشلىرىدىن
تاقىتى چېكىگە يەتكەنكەن ئۇنىڭ.

مەن ئېيتتىم: "بېيجىڭغا مەركەزگە بېرىپ،
ئەرزىمنى ئېيتىشقا بەلنى باغلىدىم."
ئۇ ئېيتتى: "پەيتىدە ماڭمايسىز نىچۈن؟"
— "ۋە لېكىن بېلەتكە چامىم يوق دىدىم."

ئىشىكتىن چىقتى ئۇ سالدى قولۇپنى،
تېز قايتتى ئارىدىن ئوتمەي ئۇزاق.
دىدى ۋە "پويىزغا قالدى ئون مىنۇت،
مەڭ بېلەت، پەخەستە قوزغىلىڭ تېزراق"

* * *

تاقىلداپ ماڭماقتا پويىز چول بىلەن،
شەرققە سوزۇلغان رېلىسنى بويلاپ.
پاراۋوز ئالدىدا ئەيلەيدۇ پەرۋاز
خىيالىم كەپتىرى بېيجىڭغا قاراپ.

ئورنۇمىمۇ ئاددىلا قاتتىق ئورۇندۇق،
سېزىلەر ساپادەك يۇمشاق ۋە ھوزۇر.
ئۇمىتتىن خۇش خەۋەر بەرگەندەك شامال،
رۇجەكتىن شۇۋىرلاپ ئوتۇشەر غۇر-غۇر.

بىر پۇڭسىز، بىر نانسىز چىقتىم سەپەرگە،
شۇندىمۇ ئاچلىقتىن خالى خىيالىم.

ھەيرانمەن، ئالدىمغا كۈتكۈچى قىزچاق
ھەر ۋاقىتتا تاماقتا ئاش قويار دائىم.

بۈگۈنمۇ ئالدىمغا كەلدى يەنە ئۇ،
قايتماقچى بولغاندا گاڭفەننى قويۇپ.
تەمشەلدىم سوزلەشكە، ئېيتمىدىم ئەمما،
توختىدى قىز شۇندا كەيپىمنى تۇيۇپ.

— "باتۇركا، سوزىڭىز بارمىدى سىزنىڭ
تاماقتا پۇلۇم يوق دەمسىز ۋە ياكى.
ئايشەمگۇل ھەدەمنىڭ ياردەملىرى بۇ،
غەم قىلماڭ مەنزىلگە يەتكۈچە تاكى."

شۇ سوزنى پىچىرلاپ قايتتى كۈتكۈچى،
مەن بىلدىم تاماقنىڭ، ئىشنىڭ تېگىنى.
مەن بىلدىم، دەرت تارتقان بارچە كىشىنىڭ
ئىجاتلىق يولىدا يەكدىللىغىنى.

* * *

ۋاگونمۇ تەۋرىنەر ئاستا، رىتىملىك
بوۋاقنى بولىگەن بوشۇكتەك گويا.
كىملەردۇ ئۇيقۇدا. ئەمما قەلىمىم
يۈگرەيدۇ تىنىمسىز دەپتەر قۇرىدا.

جىمجىتلىق بۇزۇلدى، ۋاگون ئارىلاپ
كىملەردۇ ئۇ ياقتىن كەلمەكتە ئەنە.
نىمدۇ كورسىتەر ھەم بىر يولۇچى
ئويلىدىم، كورگىنى ئىسپاتمۇ نىمە؟

"ئىسپاتمۇ" دىدىم-دە، بولدۇم بىارام،
تامغىلىق ئىسپاتقا نەدە ئامالىم؟
ھە مانا ماڭىمۇ كىپ قالدى نوۋەت،
بىلەتنى يىنىمدىن ئالدىم-چىقاردىم.

شۇكرىكى، بىشىنى لىڭشىتتى ئۇلار،
ئالدىنقى ئورۇنغا كەتتى يىنىمدىن.
توسقۇنسىز يول ئاچقان ئايشەم ھەدىگە،
تەشەككۇر ئىيتىلىپ چىقتى دىلىمدىن.

* * *

لابادىن ئاڭلاندى تەمكىن بىر ئاۋاز
ئوتمەكچى ئون مىنۇت توختاپ بىكەتتە.
ۋاگوندىن چۈشۈشتۈق بىر توپ سەيەرداش
لاغايلاپ يۇرۇشتۇق رىلىستىن چەتتە.

توساتتىن يىنىمغا كەلدى كۇتكۇچى،
كوردۇمكى، تاتارغان گۇلدەك چىرايى.

شەرەتلەپ ئۇ مېنى تاتتى خالىغا
بىلمىدىم پىشكەللىك بولدىمۇ ياكى؟

ــ "ئىش چاتاق باتۇركا سىزنى قۇمۇلدا
كىملەردۇ يول توراپ تۇرماقتا كۈتۈپ.
ھىللا ئاڭلىدىم شۇنداق شۇم خەۋەر،
تەس بەلكى توساقتىن كەتمەكمۇ ئوتۇپ."

ــ "ئېيتىڭچۇ، ئۇنداقتا ئەمدى نە ئامال؟"
ــ "نە ئامال ئويلىنىپ قاتتى بېشىممۇ."
ــ "غەم قىلماڭ. يولۇمنى ئەتكەيمەن داۋام،
ئەمەسمەن ئۇنچىلا مىشچان كىشىمۇ."

ــ "ئۇنداقتا ئارقىغا قايتىش كېرەكمۇ؟"
ــ "ئارقىغا قايتماقتىن خوۋلۇق كورمىدىم."
ــ "ئۇنداقتا......"
ــ "قۇمۇلدىن ئەگىپ ئوتۇمەن،
ماڭىمەن ئۇگۇلۇپ كەتكۈنچە تېنىم."

ــ "ئۇنداقتا يول ئۇزاق مۇشكۇل بۇ سەپەر،
چول كېسىپ قۇمۇلغا يەتكەنگە قەدەر.
ئۇنداقتا...... دوستۇم بار ئەتىكى پويىز،
ئالتىنچى ۋاگوندا، ئىسمى مۇنەۋۋەر."

پۈشقۈرۈپ پاراۋۇز ياڭراتتى گۈدۈك،
پويىزدىن، قىزچاقتىن ئايرىلدىم مانا.
گۈگۈمدا يوقالدى ۋاگون قاتارى،
قولۇمدا كۈتكۈچى قالدۇرغان موما.

* * *

"ئالتىنچى ۋاگوندا، ئىسمى مۇنەۋۋەر"
ساقلايمۇ مۇنەۋۋەر كەلگەنگە قەدەر.
مۇنەۋۋەر تۇرۇشلۇق ئاشۇ ۋاگوندا،
نىغمەتلەر ئىز قوغلاپ كىرىپ قالسا ئەگەر......

كۈتكۈچى قىزچاقنىڭ كوڭلىغۇ ياخشى،
بىلمەيدۇ ئۇ بىراق مۇنداق قىياسنى.
بولمايدۇ ھېچ نىرسىپ چۈشسەم قولغا مەن
بىپىجىڭدىن ئەرزىمگە تاپماق قاياشنى.

مەن ماڭاي، دەرتمەنلەر ئىقبالى ئۈچۈن،
مەن ماڭاي، قەلبىمدە ساقلاپ ئەتىنى.
ئالدىمدا سوزۇلۇپ ياتقان دەشتلەر
نىجاتلىق يولىدىن توسسۇنچۇ مىنى!

* * *

قۇملۇقنىڭ كەينىگە ئۇلىنار سايلار،
كورۇنەر دوڭلەرنىڭ باغرىدا سوك-سوك.



ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

تەشنالىق دەستىدىن سارغايغان يانتاق،
كۆزدىمۇ كوكلەمسىز چولنىڭ چېكى يوق.

پۈتلىرىم كورۈنەر يېرتىق ئاياقتىن،
تاپانغا ھىچ ئارام بەرمەيدۇ تىكەن.
ئىلكىمدە ئاداققى بىر پۈچۈق موما،
ئۇسسۇزلۇق ئازاۋى جېنىمدىن ئوتكەن.

شۇندىمۇ ئوزەمگە بېرىمەن رىغبەت،
غەنىمەت مەن ئۈچۈن باسقان بىر قەدەم.
كورەركەن ئۈمىتتىن يېرىم ۋىسالنى
ئۈمىتنىڭ ئىشقىدا چامدىغان ئادەم.

*　　　*　　　*

تۈن ھەسسە، ئايسىز كوك زۇلمەت ـ قاراڭغۇ
باراتتىم ئىنتىلىپ مەشرىققە بۇ تاپ.
ئىنسانىنىڭ ئىزلىرى چۈشمىگەن چولدە
باراتتىم يول تېپىپ يۇلتۇزغا قاراپ.

شۇ سەۋەپ كوزلىرىم سەييياھ كوك ئارا،
ھە ئەنە لاپ قىلدى ئاسمان گۈمبىزى.
نەق مېنىڭ بېشىمدىن ئاقتى بىر يۇلتۇز
ئۇچتى ۋە كەينىدە قالدى ئاق ئىزى.

ئەسلىدىم موماملىڭ سوزىنى شۇندا،
يادىمدا، بىر يۇلتۇز بىر جان دېگىنى.
بەشارەت كىمگىدۇ يەتكەن قازادىن،
ئاسماندا قاچانكى يۇلتۇز كوچكىنى.

ئالەمدىن ئۇتتىغۇ بىر كىم دىدىم مەن،
بىراۋغا ئىچىمدە جەننەت تىلىدىم.
ئۇزەمچۇ دىدىم ۋە ئاسمانغا بېقىپ
ئۇزەمگە تەئەللۇق يۇلتۇز ئىزدىدىم.

موماملىڭ چوچىگى راست بولسا ئەگەر،
يۇلتۇزۇم ئۇچۇشى مۇمكىن مېنىڭمۇ.
تۇغۇلماق ئومۇمى، ئولمەك ئومۇمى
كوزلىرىم يۇمۇلار بىر كۇن مېنىڭمۇ.

ئېخ، مېنىڭ يۇلتۇزۇم ئۇچمەك ئىزدىسە،
ئۇچسىدى مەنزىلگە يەتكەندىن كېيىن.
دەرتمەنلەر ئاۋازى قالسا گەر يولدا
روھىمۇ ھىچقاچان تاپمايدۇ ئەمىن.

ئۇچسىچۇ؟ — ئۇچسىدى تىمتاس كېچىدە،
ئادەملەر ياتقاندا ئۇيقۇ ئىچىدە.

مەيلىدى بۇ چولدە قالسام قەۋرىسىز
ئوچكەننى ۋە بىراق نىغمەت كورمىسە......

*                    *                    *

چوللەردىن يىراققا تىكسەم كوزۇمنى
كورۇنمەس مەخلۇقات ياكى يېشىللىق.
جىسمىمدە هالسىراش، ئاپتاپتا تېنىم
مىسالى قالغاندەك قوقاستا بېلىق.

بېجىرىم ئادەمگە هىچ گەپ ئەمەسقۇ
تىكەنسىز يوللاردا باسماق بىر قەدەم.
مىڭ جاپا، ماجالدىن كەتكەن پۇتۇمنى
قۇملاردىن سۇغۇرۇپ ئالماقمۇ بۇ دەم.

يېشىممۇ چوڭ ئەمەس، ئون يىل ۋە بىراق
تېنىمدىن قۇۋۋەتنى يالماپ كېتىشتى.
بەرگىنى روهىمغا دەشنام ۋە ئازاپ،
گەجگەمگە دەرت يۇكى تاشلاپ كېتىشتى.

شۇندىمۇ ياشاشقا ئىزدەي نىجاتلىق
ئاخىرقى تىنىغىم پۇتكەنگە قەدەر.
مەن ماڭاي، ئۇمىتتە، ئىقبال ئىشقىدا
مەن ماڭاي يۇلتۇزۇم ئۇچكەنگە قەدەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى

*　　*　　*

بەزىدە ئاكىمدىن قاچقاندا ھۇشۇم،
كۆڭدۈزمۇ سىزىلەر ئالەم قاراڭغۇ.
لىپ قىلىپ كېچىدۇ شۇندا بىر گۇمان
كورگۇنۇم ئوڭۇممۇ ياكى چۈشمۇ بۇ؟......

چۈش ئەمەس، بارىمەن تەنھا چولدە مەن،
ئەجەلنى دەممۇ ـ دەم ھەيدەپ يېنىمدىن.
ئومۇرلۇك كەچمىشلەر ئالدىمدىن ئوتەر،
ياپراقلار توكۇلسە ئومرۇم شېخىدىن.

قاچانكى ئەقلىمگە كەلدىم شۇندا مەن
ئىلمىنىڭ شارابىن ئوتلىماق بولدۇم.
يىل ئوتتى، بىلگىنىم ئاشتى كۇنسېرى
بالىلىق قىلىقتىن ھەم يىراق بولدۇم.

بىلدىمكى، دۇنياغا بىر كېلەر ئىنسان،
بىچارە قۇرۇتمۇ بىر كېلەر شۇنداق.
ئىنساندا ئىنسانلىق توھپە بولمىسا،
ئايرىلار ئىككى جان قىممىتى قانداق؟

مەن شۇڭا ئىنسانلىق ئىسپاتى ئۈچۈن
ئىجاتنىڭ يولىنى بويلىماق بولدۇم.
ۋەتىنىم مېھرىنى ئاقلاپ قەلەمدە،
خەلقىمگە توھپەمنى ئاتىماق بولدۇم.

كەلگۈلۈك، تارتقۇلۇق كەلدى بىر يولى،
يامرىدى نائەھلى زورلۇغى ئاندىن.
ھە بۇگۇن چوللەردە سەرسانە ئۆزەم،
ھېچ خوۋلۇق كورمىدىم پەيلى ياماندىن.

ھەق، ئارزۇ يولىنى توسقان يامانغا
بۇ مىنۇت بىر سوزنى ئېيتقۇم كېلىدۇ.
مېنىڭغۇ چوللەردە سەرسان ئەيلىدىڭ
بىل شۇنى، ھەقىقەت بىر كۈن يېڭىدۇ!

* * *

مەن ماڭاي، ئەقلىمگە كەلگەن چاغدىلا
دىلىمغا ئورناشقان ئارمانىم ئۈچۈن.
مەن ماڭاي، ئەتىكى توھپەم نۇرىدا
نۇرلىنىپ كۆلگۈسى ئىقبالىم ئۈچۈن!

* * *

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئەجەلىنىڭ بىرەھىم ئىبلىس لەشكىرى
ئىپتىمال جىنىمنى تارمار ئەيلىشەر.
بوغۇزدىن توختىتىپ ئەركىن تىنىقنى،
جەسىدىم چوللەرگە تاشلاپ كېتىشەر.

مەن ئۇچۇن ئاھ ئۇرماس، يىغلىماس ھېچكىم
قۇزغۇنلار پەقەتلا لەززات ئېلىشار.
ئەتىلا يوقۇلۇپ جاھاندىن جىسمىم
نامىمۇ كوپ ئوتمەي كۇلدەك توزۇشار.

ئايلىنار توختىماي يەرمۇ ئوز پېتى،
ئەتىگەن كۇن چىقار، كەچتە كۇن پاتار.
دۇشمىنىم مەن ئۇچۇن قىلماس ئىز-دېرەك،
دوستۇممۇ ۋە بەلكى بەرمەس ئېتىۋار.

شۇندىمۇ ئاقىۋەت بىر كۇن ساناقتىن
ئولگەنلەر، تىرىكلەر قالمايدۇ قۇرۇق.
تارىخنىڭ كاتىۋى قىلغاي ھىساۋات
جىنايەت ۋە ياكى توھپە توغرۇلۇق.

شۇ كۇنلەر نە ۋەجىدىن بەرگەيمەن جاۋاپ
ھە قېنى ئادەملىك ئىسپاتىڭ دىسە.

روشەنكى توھپىسىز ئۇتتۇم جاھاندىن،
يىغلايمۇ زامانغا ياكى ئۇزەمگە.

دىسە گەر ئارماندا كوز يۇمغان ئاتام
"سىنىڭدىن نىملەر كۇتكەنتىم ئوغۇل؟
قېنى مەن ئەۋلاتقا قالدۇرغان كىتاپ
كۇلدىمۇ قېنى شۇ ئارمانىم ئوغۇل؟"

ئاتامغا، ئاتامدەك باغۋەنلىرىمگە
توھپىسىز ئۇتكەنگە قانداق يۇز كېلەي؟
گۇناكار مەنمۇ ۋە ياكى باشقىلار
ئومرۇمگە يىغلايمۇ، ئەمدى نىمە دەي؟

ۋەتىنىم سورىسا، "ئاق سۇت ھەققىگە
ھە، قېنى ئەجرىڭدىن بەرگەن جاۋاۋىڭ؟"
بېشىمنى سالماقتىن ئۇزگە نە ئىلاج
ئەل دىسە، "قېنى شۇ ئەھدەڭ، قارارىڭ؟"

كىملەردۇ دوزاقنى دەركەن ئازاپلىق،
توھپىسىز ئۇتمەكلىك بولمامدۇ ئازاپ؟
ئىمتىھان ئالدىدا قالدىم جاۋاپسىز،
دوزاقتىن مىڭ ھەسسە ئارتۇق بۇ ئازاپ!

* * *

ياق، گەرچە بۇ منۇت ئالدىمدا ئۇلۇم
ئىرادەم ۋە ىىراق بىللە مەن بىلەن.
نە سەۋەپ ئالەمدىن ئۇتتۇم توھپىسز،
كىم زادى ياشاشقا ئىمكان بەرمىگەن؟

ياق، گەرچە ئۇلسەممۇ ئەمما خاتىرەم
قالمىسۇن بۇ چولدە قۇملار ئاستىدا.
ئاقىۋەت بىر كۇنى ئاقلار مىنى ئۇ،
تارىخنىڭ ھەق-ئادىل سودى ئالدىدا.

ھە ئەنە، كوزلىرىم كورمەكتە غۇۋا،
يىشىللىق قاپلىغان جاينى — ئۇزاقنى.
مەن ماڭاي، تىرمىشىپ جەملەپ مادارىم،
ئۇملەپ بولسىمۇ يوتكەپ ئاياقنى.

* * *

ئىھتىمال نامەلۇم كەنت چىتى بۇ،
جىسمىمدىن تامامەن قاچتى مادارىم.
تىكەنلەر ئۇچلىرى قاندىن قىزاردى
ئۇملەش......ھەي بۇ تاپ بوغۇزدا جانىم......

*        *        *

قورقامدۇ مېنىڭدىن بىر جۈپ ئوتتۇنچى
بىر چوچۇپ، بىر چامداپ كەلدى يېنىمغا.
ئاھ ئىنسان قولىغا ئوتــتى خاتىرەم
خوش تارىـخ، ئاھ مۇڭــلۇق دۇنيا ئەلۋىــدا......

## خاتىمە

نەملەيدۇ ۋاراقنى ئاچچىق ياشلىرىم،
تىترەيدۇ خاتىرە ھەيھات! قولۇمدا.
دوستۇمنىڭ قايغۇسى قوزغىتار نالە،
يۈرىكىم تىلغىنار ھەسرەت تىغىدا.

يۇمدىمۇ كوزىنى راسـتىن باتۇرۇم
ياق، يۇمدى دىگەنگە قانداق چۈمپۈتەي!
توھپىكار بالىدىن قىلـدىم ئىز ـ دېرەك
قانداقمۇ چىدايمەن دوستۇم ئىزدىمەي.

ئۇ دىدى ــ "ئاتامغا ھەمرا ـ يان بولۇپ،
مەلىنىڭ چېتىگە بارغان چېغىــمدا.
قىستۇرۇپ بېلىمگە ئەپـلىك پالتىـچاق
ئوتتۇنىڭ كويىدا چاپقان چېغىــمدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى

ياتامدۇ بىرنىمە يۇلغۇن تۈۋىدە
كەينىمگە بۇرۇلدۇم، قاچتىم تىۋشسىز.
چوڭ ئىدى ئاتامنىڭ جىگرى ئەمما
يۇلغۇنغا يېقىنلاپ كەلدۇق ئىككىمىز.

ياتقىنى دەل يۇچۇن ئادەم ئىدى ئۇ،
تاتارغان يۈزلىرى مومدەك ساپ-سېرىق.
ئۇپرىغان قولىدا قاتقان قان دېغى،
چاچلىرى ئۇسكىلەڭ، كىيگىنى يىرتىق.

كوزىنى ئاچتى-دە، كوردى بىزنى ئۇ،
بېشىنى تەسلىكتە كوتەردى ھالسىز.
مىدىرلاپ قويدىيۇ، يېپىشتى قايتا —
سوزلەشكە تەمشەلگەن لەۋلىرى جانسىز.

بېشىنى لىڭشىتىپ توستى بىزنى ئۇ،
يولەشكە ھەرقانچە تەمشىلىپ كوردۇق.
كوزىگە يۇگرىدى كۆلكە شۇ مەھەل
سوزىنى ئاڭلاشقا ئىڭىشىپ تۇردۇق.

— "مېنى دەپ بۇ يەردە تۇرماڭلار ئۇزاق،
بالاغا مۇپتىلا بولماڭلار سىلەر.

قالدۇراي ۋە بىراق بىرلا ئامانەت
مەن ئۇچۇن جان كويەر بولساڭلار ئەگەر"

ماقۇللۇق بەردۇق بىز، بەردى تەسلىكتە
ئىككى قۇر خەت يېزىپ دەپتەرنى ماڭا.
مەلىگە ئېپ كەتمەك بولدۇق مېيىپنى
ۋە لېكىن گېپىمىز ئوتمەيتتى ئاڭا.

دەيتتى ئۇ قايتىلاپ بىر سوزنى ئۇدا:
—"بالاغا مۇپتىلا بولماڭلار سىلەر.
ساقلاڭلار سىلەرگە دەپتەر ئامانەت،
مەن ئۇچۇن خەيرىخاھ بولساڭلار ئەگەر......"

مېيىپنىڭ سوزىگە كوندۇق نائىلاج،
دەپتەرنى ئالدۇق ـ دە، ئەپلىك يوشۇردۇق.
بۇ يۇچۇن كىشىدىن تەستە ئايرىلىپ
جۇنىدۇق، بىر دوڭدىن ئاستا بۇرۇلدۇق.

ئۇن يىتىم يەرگىمۇ يەتمەستىن بىراق
جاڭگالدا بىرتالاي ئادەم كورۇندى.
قولىدا مىلتىغى، چوقماقلىرى ھەم
يىراقتىن قايچىلاپ سەپكە بولۇندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

بىز ئىدۇق ئۇزاقتا، ئۇلاردىن چەتتە
بىزلەرنى يوشۇرغان يۇلغۇن دالدىسى.
بىر توپى ئۇلارنىڭ كەتتى دوڭ تامان
مېيىپ بار تەرەپكە ماڭدى قالدىسى.

"ئىش چاتاق"ــ دېيىشتۇق، ئەمما بىزدە ھېچ
ياردەمگە ـ يۆلەككە ئىمكان يوق ئىدى.
كوپ ئۆتمەي پىتراشتى، تۇۋلاشتى ئۇلار
مىلتىقتىن ئىككى پاي ئوقمۇ ئېتىلدى."

. . . . . . . . . . . . .

بۇ سوزنى ئاڭلىدىم تاقەتسىز بولۇپ،
چول تامان يۈگرىدىم، ئاتلاندىم يالاق.
مەن بىلەن يۈگرەيدۇ بىللە بۇ بالا
يۈگرەيمەن، يەرگىمۇ تەگمەيدۇ ئاياق.

مەن كەلدىم ئاھ ئۇرۇپ يۇلغۇن تۇۋىگە
ئاھىمدىن تىترەيدۇ يۇلغۇننىڭ شېخى.
يوق ئەمما بۇندا نە باتۇرنىڭ تېنى
كورگۈنۇم چاتقاللار ئىچرە قان دېغى.

"نەدىسەن ئەي دوستۇم نەدىسەن" دەيتتىم
يامغۇردەك ياش توكۇپ تۇۋلايتتىم بۇ دەم.

جاڭگالنىڭ ھىچ يېرى بەرمەيتتى سادا،
يوق ئەپسۇس يۇلغۇننىڭ سەزگۈ، تىلى ھەم.

تىۋۋلايتتىم، ”نەدىسەن خورلانغان يۈرەك،
نەدىسەن باتۇرۇم دوستۇم نەدىسەن؟
دوستلۇرۇڭ ئىز ـ دېرەك قىلماقتا سېنى،
نەدىسەن كوز نۇرۇم، دوستۇم نەدىسەن؟

نەدىسەن ئون گۈلۈڭ ئاتـماي بىر چىچەك
ۋاقىتسىز توزۇغان دوستۇم نەدىسەن؟
نەدىسەن ھەق ئۈچۈن ئىزدەپ ئىجاتلىق
ئىجاتلىق تاپمىغان دوستۇم نەدىسەن؟

مەيلى يات تېپ ـ تىنىچ، قەۋرەڭ تېشىغا
ئالتۇندىن مىسرالار ئۈيۈلار بىر كۈن.
قان ياشلىق خاتىرەڭ دوستۇڭ قولىدا
قىسسەڭ ئەل ئارا تارىلار بىر كۈن!“

*　　　*　　　*

نەق بۇندىن قىرىق مىڭ يىللار مۇقەددەم
ساددىكەن شۇنچىلىك ئىنسان كاللىسى.
قامىتى تىك بىراق، سىياقى مايمۇن
يۈلۈك باسقان قولىدا تاشتىن پالتىسى.

شۇندىمۇ ئاسايىش ئىلكىدە ئادەم
توپلىشىپ ياشاركەن، ئىزدەركەن ئوزۇق.
تەبىەت بەخشەندە ئەتكەن نىمەتتىن
چوڭ ـ كىچىك ھىچبىرى قالماسكەن قۇرۇق.

نەپسىگە يا بىراۋ تارتماس ئىكەن چوغ،
ئوزئارا قەست بىلەن سالماس ئىـكەن قول.
ئاقساقال پۇقرادىن ئالماس ئىـكەن ئوچ،
يا بىراۋ بىراۋنى قىلماسكەن قورول.

بۇگۇنـچۇ؟
مەدنى ئىنـسان بىز بۇگۇن
ئاتومنىڭ دەۋرى بۇ، بىزدە مەرىپەت.
ئىشارە بىھاجەت، باردۇر بىزدە ئاڭ،
مۇكەممەل تىل بىلەن ئايانـدۇر مەقسەت.

ئەپسۇسكى، نەق ئاشۇ ئالتۇن دەۋردە،
قاششاقلىق ئون يىللاپ بولدى ھـوكۇمران.
قىينالغان جانلارنىڭ يوقتۇر ھىساۋى،
ۋەھشىلەر نەيرىسى تەندىن توكتى قان.

ئەدەتتى ئاداۋەت، ئوچـىنى، گىنانى
دۇشمەنلىك ئۇرۇغى چاچـقاچ تەلۋىلەر.

خەلقىمىز ئۈن يىللاپ كۆردى يامان چۈش،
جانلارنى ئۈپراتتى جاڭجال ـ غەلۋىــلەر.

دوستۇمىز ئادالەت قۇربانى ئىدى،
دەل ئاشۇ دەۋردە كۆز يۇمــدى ئۇمۇ.
مەرىپەت يولىدا مەردانە ئىدى،
دەل ئاشۇ دەۋردە ئورتەندى ئۇمۇ.

ھەقىقەت دۈشمىنى ئۇرسا تۈمەن تىغ
ۋە لېكىن ھەقىقەت ئۆلمەيدىكەن ھېچ.
ئەل ئۈچۈن يارالغان ئوغۇلنىڭ نامى
ئەل قەلبى تورىدىن ئۆچمەيدىكەن ھېچ.

بولسىمۇ تۈن قانچە زۇلمەت ـ قاراڭغۇ،
سۈبھىنى توسماققا يوقكەن ئامالى.
تارىخنىڭ ئالدىغا ماڭمىغى تەھقىق،
كۆل بولۇپ كېتەركەن ئىبلىس قامالى.

ھە بۈگۈن تاڭ ئاتتى بىزدە قايــتىدىن
دوستۇمنىڭ نامىمۇ تاپتى نىجاتنى.
بىز بىلەن بارماقتا شانلىق سەپەردە،
ھەممىنىڭ ئالدىدا تاشــلاپ قاناتنى.

قوللاردا ئۇ يازغان دەستۇر ـ كىتاپ بار،
نۇرلاندى ئەمگىگى ئىككى ئەۋلاتنىڭ.
ناملىرى ياق ئەمدى ”سەرسانى“ ئەمەس،
ئەزاسى بۇ ئۇلۇغ جۇشقۇن ھاياتنىڭ.

ئەۋلاتلار يەنە بىر سەرسان بولماسقا
يېڭىچە روھ بىلەن ياتلايدۇ ئۇنى.
نادانلىق دەردىنى تارتقان ھەر كىشى
ئەزىزلاپ دىلىدا ساقلايدۇ ئۇنى.

1980 ـ يىل مارتتا ئۇرۇمچىدە
تاماملاندى. ئاۋغۇستتا قايتا ئىشلەندى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 阳　春

（维吾尔文）

文拜都拉·伊不拉音著

责任编辑：努尔穆罕默德

责任校对：热西提·瓦依提

民族出版社出版　新华书店发行

民族印刷厂印刷

开本：787×1092毫米1/32　印张：7 3/8

1981年10月第1版

1981年10月北京第1次印刷

印数：0001—5,000册　定价：0.34元

数号：M10049(4)109

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

书号 M10049 (4) 109
定价 0.34 元